


ئوسمانجان ساۋۇت

# تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-05919-0
I·2171(民文)定价:12.50元

ISBN 7-228-05919-0
9 787228 059195 >

15
1227
71

ئوسمانجان ساۋۇت

# تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش

(شېئىرلار)

**图书在版编目(CIP)数据**

黎明之谈:维吾尔文/乌斯曼江·萨吾提著。— 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.7

ISBN7—228—05919—0

Ⅰ.黎… Ⅱ.乌… Ⅲ.诗歌 — 作品集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第66276号

责任编辑:巴力江·扎帕尔

封面设计:艾克拜尔·萨里

**黎明之谈** (维吾尔文)

(诗集)

**乌斯曼江·萨吾提 著**

新疆**人民出版社**出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 7印张 2插页

2000年9月第1版 2000年9月第1次印刷

印数:1 —— 3,000

ISBN7—228—05919—0/I·2171 定价:12.50元

مەسئۇل مۇھەررىرى : بارىجان زەپەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش

( شېئىرلار )

**ئوسمانجان ساۋۇت**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 7 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 3,000
ISBN7—228—05919—0/I · 2171
باھاسى : 12.50 يۈەن

## مۇندەرىجە


تارىخقا ...................................... (1)
نۇر - مۇقەددەس ........................ (3)
تاشقا تامغان تامچىلار ................... (5)
ھېكمەت ...................................... (10)
تاغلار بىلەن سۆزلىشىش ................... (15)
قۇياشنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز .................. (35)
باھار بىلەن سۆزلىشىش.................... (40)
ئۇنتۇش ...................................... (51)
گۇلى رەنا .................................. (53)
يېڭى كۇن قەسىدىسى....................... (57)
تولۇن ئاينىڭ يۇزىدە ...................... (61)
قۇياشتىكى سادالار .......................... (64)
ھايات، سۆيگۇ، تەبىئەت، تۇپراق ................... (67)
مەن ساڭا بەردىم بىپايان دېڭىز....................... (73)
ئۇچرىشىش ...................................... (83)
ئۆكۇنۇش ...................................... (85)
قىيا تاشتىكى سۇرەتلەر ....................... (89)
پەرىشتە پۇتۇكلىرى.............................. (91)
ھاياتچۇن، سۆيگۇچۇن كۆتۇرەيلى جام .................. (98)
يۇلتۇز ...................................... (101)
ئۆتۇنۇش ...................................... (103)
پاكلىق ...................................... (104)

ئوغلان ........................ (106)
ئامەت ........................ (108)
سەرۋىناز كۆن ........................ (109)
دوختۇر بىلەن سۆھبەت ........................ (111)
مەرۋايىت ........................ (113)
مەن چىقىن، مەن ئاپتاپ، مەن سامانيولى ........................ (114)
مەشۇقىمغا ........................ (117)
مۆجىزە ........................ (118)
تۇرنا ........................ (120)
ئىلھام بىلەن سۆزلىشىش ........................ (122)
ئىدىقۇت ........................ (123)
كونا كۆزلەر ........................ (125)
سېغىنىش ........................ (128)
ئىستەك ........................ (129)
ئەقىدە ........................ (130)
دىل ئەمرى ........................ (131)
خەتەر ........................ (132)
يېشىللىق ........................ (133)
رۇبائىيلار ........................ (134)
بوسۇغاڭدىن باشلىنىدۇ ۋەتىنىڭ، قاياش ........................ (137)
شېئىرىيەت مەملىكىتى ........................ (139)
ئانا تىل ........................ (141)
يامغۇر ........................ (143)
بىر قەدىمىم بولدى تېخى مىڭ پەرۋاز ........................ (144)
ئاق بۇلۇت، قارا بۇلۇت ........................ (146)
يېلىنجايدۇ شەپەق تۇيغۇلار ........................ (147)

هازا كۈيى .................................. (149)
ئانا تۇپراق قەسىدىلىرى .......................... (152)
كۆكلەم - كۈي ................................ (155)
تاغ ناخشىلىرى ................................ (158)
تۈندىكى ئۆندەرەشلەر ......................... (162)
ئۇچرىشىش ..................................... (167)
«تەڭرىتاغ شامالىلىرى» نىڭ بەت چۆرىسىگە يېزىلغان شېئىرلار...(170)
ھەسەل ھەرىسى ................................. (175)
ئەسلەش ....................................... (177)
ئاق يۇلتۇز .................................... (179)
سەپەر كۈيلىرى ................................ (181)
ئاي ............................................ (202)
ئېسىلىپ كېلىمەن ئاياغلىرىڭغا ...................... (204)
ئۆتۈنۈش ....................................... (206)
لۈكچۈن نەزمىلىرى ............................... (208)
تۇپراق ......................................... (210)
شائىر .......................................... (212)
باغلىرىمۇ گۈل دېدى سېنى ........................ (214)
سۆيگۈ كەلسە قاچىدۇ رىيا ........................ (215)
ئۆز-ئۆزۈمنى يېرىش .............................. (217)

# تارىخقا

ھەر بىر كۈنۈم بىر ۋاراق قەغەز،
سىناش بېرىپ تاپشۇرغان ساڭا.
توقۇغىنىم يىپەكمۇ، سەگەز؟
كېسىمىڭنى بېرىسەن ماڭا.

ئۇ قەغەزدە ھەممە نەرسە بار،
ئۇيات، ۋىجدان، ھەسرەت، مۇھەببەت.
ئەل سۆيگۈسى ئاچىدۇ دىدار،
مەڭگۈ قۇدرەت ئالەمدە پەقەت.

ھەر تۈنۈممۇ ئاشۇ تەقلىدتە
نەزەرىڭدىن ئۆتىدۇ جەزمەن.
ئۇنتۇلمايدۇ خورەكلىرىممۇ
مەشۇقۇمنى ئۇخلاتمەي ئەزگەن.

قاتتىق باسقان قەدەملىرىمنىڭ
ئايدەك ئېنىق بولار ھېسابى.
كۆپ كۆتۈرگەن قەدەھلىرىمنىڭ
ھالال-ھارام، گۇناھ-ساۋابى.

يۈزۈم يورۇق ھەر كۈنۈم ئۈچۈن،
خىسلىتىمنىڭ سىرى كۆچمىدى.

ئەسىردىن سوڭ تاراشلا پۈتۈن،
ئادەملىكىم ياندى، ئۆچمىدى.

تۆكۈلدى ئەسەبكە ئەينەك كۆكۈنى،
قاقشىدى يۈرىكىم، قاقشىدى يارام.
سۆكۈلدى پالانى يەنە پۈكۈنى،
(قارادىل ئادەملەر نەقەدەر قارام.)

كېسىشمەس سىزىقلار كېسىشتى دەرھال،
يىرىلماس ئېقىنلار تارام ۋە تارام.
بولۇۋېلىپ كۆپ داللار، كۆپ ئېلىپلاردال،
چېكىنى يوقاتتى ھالال ۋە ھارام.

قانداق دىل ئەمرىنى سۆزلەيدۇ بۇ تىل،
قانداق دىل مەيلىنى قىلماق بولۇپ رام؟
مەن بەرسەم نېمىنى، ئۇ بېرەر دېدىل
قۇلاققا تىنچلىق - قۇلاققا ئارام.

1988-يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## نۇر مۇقەددەس

دۇنيا دېگەن بىر سەھنە، ئوينالماقتا ئويۇنلار،
قامغاقلارنى ئېپكەتتى موللاقلىتىپ قويۇنلار.
بىر تەرەپتە قىسىلسا تىزنىق-تىزنىق ئۇنچىدىن،
بىر تەرەپتە باغلاقلىق قارا قىلدا بويۇنلار.

تەبىرى بار تەمەچتەك ھەر نەرسىنىڭ، ھەر كىمنىڭ،
ئۆز ئېتى بار ئۆزىچە ھەر گىياھنىڭ، ھەر چىمنىڭ.
يۈرەكلەرنىڭ سۈرتى جۈپ ئاياغتىن قالغان ئىز،
تىلى چىقار بىر كۈنى تۇغما گاچا تىلسىمنىڭ.

كۆلكە-يىغا قېرىنداش، ئايلار بىلەن لايلار ھەم،
ھېلى كۆلگەن تېلىقىپ، يىغىسىنى سايلار ھەم.
زەر چۈشمەيدۇ زەر ئاشىق-زەرگەرلەرنىڭ قولىغا،
كەتمىنىنى «كەتمەنچى» ئالتۇن بىلەن ئايلار ھەم.

چىقار تېخى بىر پىلدىن تارتساڭ بىر تال قىل ئېغىر،
تارازىنىڭ ئىمانى شەيتان يۇتقان ماي بېغىر.
ئاتىلىدۇ كارۋان دەپ يول يۈرەلمەس پالەچلەر،
يۈرسە كارۋان ئۆرتىنىپ تاپان يېغىر، پۇت يېغىر.

بۇلبۇل تۆككەن كەۋسەر كۆي تورغايلارغا تەن بولۇپ،
بۇلبۇلنىڭ مەست، تورغاينىڭ تىل تاڭلىيى قەنت بولۇپ.

مۆجىزىگە سانىلار زەھەر تامغان مىكىرلەر،
قارىغۇ ئامەت كېپ قونار ئاپەتلەرگە ئەن بولۇپ.

تۆگە تارتسا ئېشەكلەر ئارغىمىنى يېگەنتىم،
بۇ سۈرەتنى ئالەمنىڭ دەل سىيماسى دېگەنتىم.
يالغان تۇرار ھەمىشە باش بۇرنىدا قاتارنىڭ،
قاتار كەينى ھەقىقەت! بۇنى ياخشى بىلگەنتىم.

بۇ پەريادى زېمىنىنىڭ ئەلمىساقتىن ئۆزگەرمەس،
يۈرەك بىلەن ئاڭلىغان ئۇ پەريادنى زەبەردەس.
ئېرىغدالماس ياشلاردىن پانىي ئالەم داغلىرى،
نۇر بېرەيلى ئۇنىڭغا، نۇر مۇقەددەس، مۇقەددەس!

1988- يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# تاشقا تامغان تامچىلار

1

تاڭ پەيتى ياپراققا تامدى بىر قەترە،
سىنغا سىن كىرىپ، يۇيۇلدى غۇبار.
ئۇ-تامغان، ئېھتىمال، خۇش پۇراق ئەترە،
يېرىلدى دىماغلار، ئاڭقىدى ئىپار.

بىر گەۋدە شۇ تاپتا ئىككى مەۋجۇدات،
سۇدىكى ئايدا بار شۇنداق قىياپەت.
بىر گەۋدە شۇ تاپتا ئىككى مەۋجۇدات،
يوقالدى ياپراققا
كەلگەن قىيامەت.

بىر گەۋدە شۇ تاپتا ئىككى مەۋجۇدات،
ئەقىلنى چىللايدۇ ھېكمەت كۆپ كۆرەك.
بىرىگە بىرى ئەم ئىككى مەۋجۇدات،
يۇيۇلدى بۇ ئالەم، يۇيۇلدى يۇرەك.

2

سىن ئەينەككە سىنىمىز چۈشسە،
سىرلىرىمىز نەگە چۈشەر راست؟

ئالەم ئارا سىر ئەينەك پۈتسە،
سىرى ئەلۋەك ئادەملەرگە خاس.

سىنى بىلەن سىرى ئەينەككە،
مانا مەن دەپ پارلىشىپ تۇرسا؛
چېگىشلىكى قايسى بىر چەكتە،
دىللار دىلغا قارىشىپ تۇرسا.

بىز سىر بولۇپ كەلسەك ئالەمگە،
سىر ئالدۇرۇپ كەتمىكىمىز بار.
سىر كۆرستەر ھەممە ئادەمگە،
ۋاقىت دېگەن ئەينىكىمىز بار.

3

ھەر كىشىنىڭ بىر دەۋرى، بىر باھارى بار،
قىسمەتلەرگە چېگىلگەن بۇ كېسىم باشتا.
ھەر كىشىگە بىر بەخت، بىر كېلەچەك بار،
ئوقۇ، دوستۇم، بۇ مۆھۈر قاپقارا تاشتا.

ھەر كىشىنىڭ بىر دەۋرى، بىر باھارى بار،
نۇر باغرىدىن ئالالماس بۇ نۇرنى ھېچ كىم.
ھەر كىشىگە بىر قۇياش، مىليون يۇلتۇز يار،
(روجەكلەردە شولىلار، تۇرىدۇ تىنچ كىم؟)

ھەر كىشىنىڭ بىر دەۋرى، بىر باھارى بار،
پۈتمەس كۈي بۇ ھەر تۈنگە، ھەر بىر ناھارغا.

هەر كىشىنىڭ بىر دەۋرى، بىر باھارى بار،
قۇتلۇق بولسۇن شۇ دەۋران،
ئاشۇ باھارغا!

## 4

بەرمەي ئىلھام، بەرمەي ھېس، پىرنىڭ باغرى قاتقاندا،
تۈنلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، ئاپئاق تاڭلار ئاتقاندا.
ئاتەش پىكىر، ئاتەش ئوي، قۇرلار سويلاپ تىزىلماي،
گىچماچ، ھەر خىل سىزىقلار ئاق بەتلەردە ياتقاندا.

مۇڭ بۇرغىسى بۇرغىلاپ،
يۈرىكىمنى قازغاندا،
بەخت قۇشى كۆندىكى ئادىتىدىن ئازغاندا.
ئالۋۇنلارغا ئايلىنىپ، ئاق قۇچاقلىق ئۇپۇقۇم،
قوزۇق بولۇپ ۋۇجۇدۇم قېقىلغاندا بازغاندا.

يەردە يەر بوپ تۇرغاندا، ئۇياتلارغا مۆكۈنۈپ،
نىچۈن ئاڭا يېپىشتىم دەپ تۇرغاندا ئۆكۈنۈپ.
دىلغا ھاكىم تۇيغۇسى مەڭگۇ مەھكۇم ئادەمنىڭ،
تەنلەرگە تايىنىپ تۇرغىنىمدا سۆكۈنۈپ.

سەن كۆرۈندۇڭ كۆزۈمگە ئانا بۇغدا پەرىشتەم،
يوقاتقىنىم تېپىلدى، ئۇزۇلمەيدۇ سەررىشتەم.
پىرىم ماڭا باغلاندى، مەن پىرىمغا باغلاندىم،
كۆيلىرىمدە يوق ئەمدى چارچاڭ، قىرتاق كەرىش[1]تەم.

---

[1] لاۋزا، توپا تەم مەنىسىدە.

5

شامال بىلەن مۇڭداشتىم، ياپراق بىلەن مۇڭداشتىم،
تەۋەككۇل دەپ ئاخىرى مۇڭلار بىلەن قوغلاشتىم.
ئۆز دەردىڭنى ئۆزۈڭ تارت، مالال قىلما ئۆزگىنى،
دېگەن سادا ئاڭلىنىپ، ئۆزگىلەرنى ئويلاشتىم.

ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆزۈمنى پىلسىراتتىن ئەپ ئۆتتۈم،
قىلنى قىرىق يارغاندەك، جان-جېنىمنى يەپ ئۆتتۈم.
كەلگەن سۆزنى ئاغزىمغا، بۇغۇزۇمغا يۇتماستىن،
پەرى قايسى، جىن قايسى؟
بىرنى قويماي دەپ ئۆتتۈم.

بولسا ئەگەر سۆيگۈسىز ئىتقا تاشلا يۈرەكنى،
يوق بولسىمۇ يەڭگۈشلەش ئىمكان ئىچرە بۆلەكنى.
ئوتتۇن قىلىپ قالايمەن،
ئۇشتۇپ، ئۇشتۇپ، مىڭ ئۇشتۇپ،
ئۆزگىلەرنى ئۆز بىلىپ، ئېگىلمىگەن بىلەكنى. . .

مەڭگۈ دۈشمەن ئۆز ئارا قۇلاق بىلەن كۆزلىرىم،
بېقىنىدۇ كۆزلەرگە ئەسلى قەسەم سۆزلىرىم.
قارا بولسا قارلىغاچ، بىراق ئۇنىڭ ئىچى ئاق،
دەيمەن! تورقا ئەمەستۇر، ئاددىي بۆزدۇر بۆزلىرىم.

ئاقساپ ئۆتتى بىر جانان، قايرىلىپتۇ ئايىغى،
قايرىلىشتىن قۇتۇلماس ئادەملەرنىڭ ياپىقى. . .
چۈشىنىشتۇر بۇ بەلكىم، ئاقساق دېمەي قويغىنىم،
سادا بېرىپ تۇرسىمۇ
توكۇلدىغان تايىقى. . .

زۈكۈنلىشىپ چىقىمەن روھىم بىلەن ھەر تۈندە،
جاۋابكارنىڭ ئورنىدا ئۇ بايقۇشۇم ھەر كۈندە.
- ئادەملەرنى دېگەنتىڭ،- ھەر زاماندا چۈشەن،- دەپ،
- چۈشەنمىگەن يېرىم يوق، ياشا!- دېدىم مىڭ ئۈندە!

زۈكۈنلىشىپ چىقىمەن روھىم بىلەن ھەر تۈندە،
جاۋابكارنىڭ ئورنىدا ئۇ بايقۇشۇم ھەر كۈندە:
- ئەسكەرتەتتىڭ ھەمىشە ئۆزگىلەرنى ئۆزۈڭ دەپ،
- ئۆزۈڭ بولغان يېرىم يوق،- ياشا! دېدىم مىڭ ئۈندە.

زۈكۈنلىشىپ چىقىمەن روھىم بىلەن ھەر تۈندە،
جاۋابكارنىڭ ئورنىدا ئۇ بايقۇشۇم ھەر كۈندە:
- ئادەم دېگەن تەڭ ئۇلۇغ،- دېگەن ئىدىڭ
ھېزى بول،
- ئېشىپ كەتكەن يېرىم يوق، ياشا!- دېدىم مىڭ ئۈندە.

ئادەمئاتا سالغان كوي، ھاۋا ئانا سالغان كوي،
ئادەم دېگەن مۇھەببەت،
ئادەم دېگەن قىزىق توي.
چۈشەن دەيدۇ يۇلتۇزلار،
سۆيۈش دەيدۇ قۇياش، ئاي،
ئاپتاپتىمۇ شۇ سادا،
كائىناتقا سۈندۈم بوي.

1988-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

# ھېكمەت

1

ئارپىغان بۇغداي بولۇپ ئۆسىۋېرىدۇ،
نەزەرى شەمشەردەك دېھقان بولمىسا.
سەرراپلار سۇ بولۇپ ئېقىۋېرىدۇ،
سەپەردە تۇغۇلغان كارۋان بولمىسا.

بۇزغۇن قۇم زەر بولۇپ كېتىۋېرىدۇ،
ئۇن قولى ئۇن ئالتۇن زەرگەر بولمىسا.
ئېشەكلەر تۇلپار بوپ چېپىۋېرىدۇ،
مەنزىلى بەك قاتتىق سەپەر بولمىسا.

شەيتانلار ئادەم بوپ ياشاۋېرىدۇ،
ئايرىشقا بىر ئۆلچەم كېپىل بولمىسا.
مىكىرلەر ۋاپانى قاساۋېرىدۇ،
ياخشىلار ياخشىغا ئىجىل بولمىسا.

تىلەيمەن چۆللەردە سۇغا ئېرىشەي،
ئالدانماي، ئالدىمدىن سەرراپنى كەتكۈز.
ئېگىشمەي ئۆتكەنتىم، مىڭ رەت ئېگىشەي،
ئادەممەن، ئادەملىك شەرەپنى يەتكۈز.

2

قېقىلماقتا ئالتۇن دەرۋازام،
يېقىملىقتۇر كۈيدەك بۇ قېقىش.
قېقىلماقتا ئالتۇن دەرۋازام،
كىرەكمىدۇ ھاڭغىرقاي ئېچىش؟!

ئاچتىم مانا، قىيا-ھاڭغىرقاي،
تۇغۇچ بىلەن تاشلاڭ سىز قەدەم.
ئۆيگە ئەمەس، كىردىڭىز ئايهاي،
يۈرىكىمگە، گۈزەل پەرىشتەم.

ئۇندا كۆرۈڭ ھايات سىرىنى،
ئاشىقلىق بار، دىلخەستىلىك ھەم بار.
تارتۇق قىلاي قايسى بىرىسىنى،
قايسىسىنى ئالىسىز دىلدار.

3

ئۆتتى يىللار، ئۆتۆشتى، يىلدىن يىغلاپ ئايرىلدۇق،
راست ئۆتتىمۇ-يالغان؟ دەپ كەينىمىزگە قايرىلدۇق.
يىگىرمە يىل، سىڭدى ئۇ تامچە ياشتەك ھەر ئىزغا،
ئۆمرىمىزنىڭ ئۇز چېغى-غۇنچىمىزدىن ئايرىلدۇق.

بىر مۇقەددەس كىتابتەك ۋاراقلاندۇق ھەر كۈندە،
ئۆتكەن كۈننىڭ ھەسرىتى ئەسىر قىلار ھەر تۈندە.
يوق ئىزدىگەن كىشىدەك سۇرەن سېلىپ تاغ ئارا،
سوراقلىدىم مەن ئۇنى ئۇچرىغاندىن مىڭ ئۇندە. . .

تاشتىن چىقتى سادالار، ئۇندىن ئۇن يوق ۋە لېكىن. . .
بارنىڭ بىزدە، يېتكەننىڭ ئاچقۇچلىرى كىمدىكىن؟
«مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دېگەن قانۇن تۇرغاندا،
ئاڭا پەقەت بىر مەرتەم پۇرسەت بەرگەن كىمكىن؟

يىگىرمە يىل بويىدا كەلدىم دائىم يوق ئىزدەپ،
مىلتىق بىلەن خوشلاشقان گويا غايىپ ئوق ئىزدەپ.
ئىزدەش دېگەن ئالەمدە ئايەم ئەمەس ھەرگىزمۇ،
ئىزدەيمەن دەپ سۆيگۈنى قالدىم گاھى دوق ئىزدەپ.

مانا، ئەمدى ئۇچراشتۇق، ئىزدىگەن يار تېپىلدى،
مۆجىزىنىڭ قاپقىسى قۇچاق يايدى، ئېچىلدى.
ئىككىمىزدە تۇرۇپتۇ ياشلىقىمىز ئالمىشىپ،
ئۇنىڭ ئېسىل خۇش بويى ئىككىمىزگە چېچىلدى.

ياشلىقىمغا سەن گۇۋاھ، ياشلىقىڭغا مەن گۇۋاھ،
ياشلىق دېگەن مەڭگۈ ھەق، ئۇنىڭدا يوق ھېچ گۇناھ.
ياشلىقىمنىڭ سىغىنچى سېغىنچىڭدۇر بىر سىنىڭ،
سېغىنچى ۋە سېغىنىش ھېسلىرىمغا كەتخۇدا[1].

---

[1] ھاكىم، ھۆكۈمران مەنىسىدە.

ئۆكۈنمەيمىز ئۆتمۈشكە، ئانا تۇغقان ئوغۇل بىز،
شۇ خىسلەتتە پەقەتلا ئوغۇللۇققا قوبۇل بىز.
يىگىرمە يىل ئىچىدە تالاي تاشلار ئۇۋالدى،
ئۇۋالمىدۇق بىز يەنە، ئۇۋالمىدۇق ئويۇل بىز.

4

تاش غۇجمىكى تاغ بولسا، گۈل غۇجمىكى باغ بولسا،
دەقىقىلەر غۇجمىكى مىنۇت، سائەت، چاغ بولسا؛
نەرى يامان غۇجمەكنىڭ، قانداق يېرى باپ ئەمەس،
ئويلا، ئويلا كاللىلار! كاللىلىقنىڭ بار بولسا!

ئادەملەرنىڭ غۇجمىكى خەلق، ئالەم دېگەنغۇ!
بۇ غۇجمەكلىك يا سىنىڭ بىر نەرسەڭنى يېگەنمۇ؟
تالاي دانىش قاقشىغان بىزنى غۇجمەك قىلالماي،
سۆكۈلمەكتە غۇجمەكلىك، غۇجمەك بولۇش ئېۋەنمۇ؟

قۇملار غۇجمەك بولالماس، بولمىغاچقا شىرىسى،
(بولمىغاچقا مۇھەببەت، بىر-بىرىگە ھېرىسى.)
كىرپە غۇجمەك بولالماس، جەيرە غۇجمەك بولالماس،
نەشتەرلەرنىڭ ئۆز ئارا دەھشەت بولغاچ خىرىسى.

قاقشاتقاندەك بەئەينى غۇجمەكلىكنىڭ جاپاسى،
قاقشىما دوست، قاقشىما، ئېسىل ئۇنىڭ ۋاپاسى.
يالغانلاردىن پۈتمەيدۇ، ساختىلىقتىن پۈتمەيدۇ،
ساپ مۇھەببەت، مۇھەببەت غۇجمەكلىكنىڭ باھاسى.

غۇجمەك بولسا مىڭ يۇلتۇز يارىتاتتى بىر كۈننى،
يوق بولغاچقا غۇجمىكى يورۇتالماس بىر تۈننى.
دەۋرەپ ئاققان دەريالار تامچىلارنىڭ غۇجمىكى،
ئۇزۇك-ئۇزۇك تاۋۇشلار ھاسىل قىلار بىر ئۈننى.

قوشۇلغاندا يۈرەكلەر بىر يۈرەككە ئايلىنار،
بۇ ئايلىنىش، سۆزسىزكى، غۇجمەكلىككە باغلىنار.
غۇجمەك بولۇپ زەررىلەر توپ پارلىسا، ئېمىشقا،
دوستۇم، سېنىڭ يۈرىكىڭ داغلىنارۇ داغلىنار؟

1989-يىل مارت، ئۈرۈمچى

# تاغلار بىلەن سۆزلىشىش

1

سىنچىلاپ قاراپ باقتىم تاغ ۋەسلىگە،
بىھېساب سىرلار ئاڭا ئۇيۇلگەندەك.
ئويلىسام ئۇنىڭدىكى سىر ئەسلىدە،
ئىش ئىكەن گويا سۆيگەن، سۆيۇلگەندەك.

سۆيۇش ۋە سۆيۇلۇشتە سىر بولمايدۇ،
يۈرەكلەر ئېچىۋېتەر مىڭ قېتىنى.
ھەر قاتتا تۇمەن زەررە نۇر ئوينايدۇ،
شۇڭا قۇت قويغان سۆيگۈ ئۆز ئېتىنى.

ياپراقلار، گۈل كاسىسى، چېچەك شەبنەم،
نۇرلاردىن نۇردىن ئۆزگە سىر سەزمەيدۇ.
دىلىنى يوشۇرمايدۇ تىلسىز ئالەم،
بەل كېزەر ئۇندا، ئەمما سىر كەزمەيدۇ.

ۋاراقلاپ ئوقۇپ چىقتىم تاغ بىر كىتاب،
ھېكمىتى كۆپ، يوق ئەمما چۈمپەردىسى.
تاغ ئەينى دېدى تېگىم قىلىپ خىتاب،
پەردىسىز يۈرەكلەرنىڭ سەھىپىسى.

## 2

تۈگىمەس كۈيدۇر ماڭا پارلاق تاڭلار،
تۈگىمەس تاڭ ھەققىدە مېنىڭ قىسسەم.
تاڭلاردىن تۇغۇلىدۇ تاڭدەك ئاڭلار،
تاڭ بىلەن ئېرىپ پۈتەر غەمۇ-غۇسسەم.

رەڭلەرنىڭ جىلۋىسىدىن كۆز قامىشار،
ئۇيۇقتا ئۆيۈپ قالار مۇھەببىتىم.
شولىلار چوققىلارغا ئۆز،
يامىشار،
ئاياغسىز قالار تاڭغا قانائىتىم.

تارلارغا قونۇپ قالار شوخ ئاھاڭلار،
كۆرسىتىپ يۈرەكلەرگە كارامەتنى.
تاڭ سازى جاراڭلايدۇ، دىل جاراڭلار،
تۈيغۇلار باشلىۋېتەر پاراغەتنى...

ھاياجان پەللىسىدە تۇرۇپ قالدىم،
بۇ سېنىڭ خۇمارلىقنى تەرگىنىڭمۇ؟
سېنىڭدە دىلبىرىمنى كۆرۈپ قالدىم،
ئاخشام ئاي تىقىۋالغان ئىدى ئۇنى،
بۇ سېنىڭ ياندۇرغىنىڭ، بەرگىنىڭمۇ؟

## 3

سېنىڭدىن يىراقلاردا يۈرگىنىمدە،
ساڭا تەن ھېسلىرىمنى بۆلگىنىمدە؛
خۇمارى تۇتۇپ يەنە ئەركىلەشنىڭ،
سېغىنىش ھەسرىتىدىن ئۆلگىنىمدە؛

تاڭلارغا تەشنا بولۇپ قاراپ باقتىم،
چېچىك دەپ شولىلارنى تاراپ باقتىم.
مېھرىڭدەك مېھىر ئىزدەپ تاڭ ۋەسلىدىن،
خېلى بىر چاغلارغىچە ماراپ باقتىم.

جورۇيمەن ياخشىلىققا چۈشلىرىمنى،
سەپەرۋەر قىلىپ ھەممە ھوشلىرىمنى.
تاڭ بىلەن يېتىپ بار، دەپ سەن تەرەپكە
ئۇچۇردۇم خىيالىمنىڭ قۇشلىرىنى.

ھومىيىپ قاراپ قويدۇڭ ماڭا ئاخشام،
چۈشۈمكەن، تۇمەن شۈكرى، پۈتۈن ناخشام.
ئوغلۇڭنىڭ يۈرىكىدە بىر سېغىنىش،
زېمىنمۇ كۆيۈپ كېتەر ئۇنى ياقسام!

تاڭلارغا تەشنا بولۇپ قاراپ باقتىم،
چېچىك دەپ شولىلارنى تاراپ باقتىم.
مېھرىڭدەك مېھىر ئىزدەپ تاڭ ۋەسلىدىن،
خېلى بىر چاغلارغىچە ماراپ باقتىم.

4

تاڭ بىلەن تۆشىكىمدىن تۇرغىنىمدا،
سۇبھىگە قولىلىرىمنى سۇنغىنىمدا؛
دۇئادا دەپ ئويلايمەن، سېنى، ئانا،
ئاۋازىڭ جاراڭلايدۇ قۇلىقىمدا.

پىراقىڭ جىغىلدىتار يۈرەكلەرنى،
تىكەندىن ئېچىلدۇرار پورەكلەرنى.
سەن ئۇچۇن ئىزدىشىدىم ئېسىل سوۋغات،
مەۋجۇدات باشلىشۋەتتى كۆرەكلەرنى.

تاپمىدىم، تاپالمىدىم لايىقىڭنى،
قۇياش، ئاي سۆيسۇن سېنىڭ ئايىغىڭنى.
ئۇلۇغلار سېنى سۆيگۈم هامان، دېمەك،
هېچ كىممۇ تۇگىتەلمەس بايلىقىڭنى.

مېهرىڭنىڭ تامچىسىنى تاشقا بەردىم،
مۆجىزە-كارامەتنى تاشقا تەردىم.
تاشلاردىن ئۇنۇپ چىقتى مېهرىگىياھ،
كۆز ئۇزرە پەرۋازلارغا قانات كەردىم.

ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەن تاڭلار ساڭا،
سۆزلەيدۇ سەن توغرۇلۇق قىسسە ماڭا.
باردەكلا تۇيۇلسەن تاڭ قوينىدا،
ئىزدەيمەن تاڭدىن سېنى، تاڭدىن ئانا.

5

ھېلىمۇ بېكەتلەردە تۇرامسەنكىن؟
ئوغلۇڭنى ئوغۇللاردىن سورامسەنكىن؟
گۈل خۇمار ئىدى ئوغلۇم گۈل كۆرسۇن دەپ،
ھويلىنى كۆپ گۈللەرگە ئورامسەنكىن؟

ئاجايىپ بىر كۆڭۈلنىڭ ئىگىسى سەن،
ھەر كىمنى، ھەر كۆڭۈلنى شاھ بىلىسەن،
يۈيسەن كۆڭۈللەرنى كۆڭلۈڭ بىلەن،
ئالەمدە كۆڭۈل ئىزدەپ، ئېھ،
كېلىسەن!

ئىزىڭدا نۇرلار ئاقار تارام-تارام،
ۋالىلداش، يالتىراشلار ساڭا قارام.
پۇرايسەن ئالما كەبى ھەردەم-ھەردەم،
بېجىرىم ھەر نەپسىڭ ماڭا ئارام.

سېغىندىم، سېغىنىشنى تەگىدىم مەن،
(يۇگەنسىز خىياللاردىن سەگىدىم مەن.)
ئۇخشىتىپ سېنى تاڭغا، تاڭدا تۇرۇپ،
ئۆزۈڭدەك شۇ تاڭلارنى ئەگىدىم مەن.

6

ئامەت دەيمەن سەن كۆرگەن چۈشنى،
ئامەت دەيمەن ئىزلىرىڭنى مەن.

ئامان بۇل دەپ سالىمەن چۇقان،
ئىككى ئالەم ھاياتىم ئۇ - سەن.

ئامەت دەيمەن سەن چىققان دۆڭنى،
ئامەت دەيمەن سەن بارغان چۆلنى.
ئامان بول دەپ سالىمەن چۇقان:
تىلەك تامچە،
بەر، تەڭرىم، كۆلنى!

7

باغرىمدا بىر كۆيۈك بار مىسلى گۇلخان،
جۇش ئۇرغان نۇر ئېقىنى سەزگۇلىرىم.
شۇ تاپتا كىلىپ كەتتى بىردىن پىنھان
قۇياشنىڭ قۇچىقىنى كەزگۇلىرىم.

قوللىرىم قاناتلارغا ئۆرۈلگەندەك،
كەرسەملا باشلىنىدۇ بۈيۈك پەرۋاز.
كۆزۈمگە ئاجايىبات كۆرۈنگەندەك،
ئاڭلىدىم، ياڭراپ كەتتى غايىپ ئاۋاز.

ئالدىمدا تۇرۇپ قالدى شۇندا دۇنيا،
تۆكۈلۈپ قاسراقتەك ئىللەتلىرى.
سۇزۇكلۇك ئىلاھىدەك ئۇ بىر گويا،
ئاق قۇشتەك جەۋلان قىلار خىسلەتلىرى.

ئىككىمىز بولۇپ كەتتۇق ئىرغاش-چىرماش،
غەمزىلەر قوندى كۆي بوپ قەترىلەر.
تەۋەررۇك قەدەملەرگە قويۇشۇپ باش،
شوخ گۈللەر كۆمۈۋەتتى ئەترىلەرگە.

ئاجايىپ سۈرەتلەرنى بەردىڭ ماڭا،
ئاجايىپ تۇيغۇلارنى قويدۇڭ قويۇپ.
نۇرلارغا ئايلانمىسام ئېلىنۋالامسەن،
تۇيغۇ ۋە سۈرەتلەرنى دىلدىن ئويۇپ؟

8

شېرىن چۈش ئالىمىدە تۇرماقتىمەن،
يولتۇزلار چاراقلايدۇ زەررىلەردە.
ئاجايىپ ئىنشائاتلار قۇرماقتىمەن،
تاغلارنى يۈكلەپ گويا زەررىلەرگە!

بەرگلەر بەرگلەرگە پىچىرلايدۇ،
كۆيلەرگە تىنىپ كەتكەن بوشلۇقىمىز.
«زېمىننىڭ ئوقى تىنماي غىچىرلايدۇ»
ئۈزۈلمەس دېمەك خوشلۇق،
خوشلۇقىمىز. . .

سىرىڭنى سۆزلە، دېدىم تەبىئەتكە،
ئېقىندەك ئاقتى گويا ھېكمەت دېگەن.

بىشىمچە كىرىپ كەتتىم مۇھەببەتكە،
لەززەتلىك،
شۇنچە شىرىن،
شۇنچە لىۋەن.

يۈرەكتىن چۇشسە ئاشا بىر يۇلتۇز-ئوت،
يىنىشنى كۆرۈپ قويسۇن شۇندا يىنىش.
چىن سۆيۈش-سۆيۈلۈشتە
يوز ئۆرۈش يوق،
يالغانلار ئارىلاشسا بولار چىنىش.

ھىسلىرىم چاچراپ تۇرار تۇتۇق بەرمەي،
ھەر گۈلنى،
ھەر ياپراقنى سۆيۈپ ئۆتەر.
ھەر قەترە، ھەر زەررىدىن سۈمۈرۈپ مەي،
كۆيدۈرۈپ ھەممىسىنى
كۆيۈپ ئۆتەر.

ئاز ئەمەس قازغان دۇرلار سەندىن پەۋەس،
ئۇنى مەن يالغۇز ئۆزۈم ئالىمەنمۇ؟
ئولجىنى يالغۇز يىگەن يىگىت ئەمەس،
ساڭىمۇ يېرىمىنى سالىمەنمۇ؟

9

بالقىيدۇ قىيالاردا شۇمۇلگەن ئاي،
ئەنە ئۇ سۇبھى ئۇززە سىڭىپ كەتتى.

تاشلارغا جان كىرگەندۇ بەلكى ئايهاي،
پارلىغان يان بېغىرلار يېنىپ كەتتى.

دۇرۇلدەپ تۆكۇلىدۇ يامرىغان نۇر،
نۇرلارغا تاغۇ تاشلار قېنىپ كەتتى.
تاڭ چېغى يارىتىلمىش قانداق مەغرۇر،
ئۇ، تۇندىن، تۇن ئۇنىڭدىن
تېنىپ كەتتى.

ياڭرايدۇ تاش تىلىدا نۇر ناخشىسى،
ئوخچۇيدۇ دىلدىن دىلغا شادلىنىشلار.
ماختىلار ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى،
نۇرلىنىش-نۇردىن نۇرغا ئاتلىنىشلار.

ئاي ئۇزرە، نۇرلار ئۇزرە بىر قىياپەت،
مەن ئۇندىن مەڭگۇ ھايات كۆرۈپ قالدىم.
غۇبارسىز ۋەسىللەردە يوق قىيامەت،
سۆزلە، تاڭ،
سۆزلىرىڭگە
كۆيۈپ قالدىم.

10

ئادەمدىن پەرىزاتقا ئايلاندىم مەن،
دەسلەپ بىر پەرىزاتنى سۆيگىنىمدە.

يوللاردا يولچى بولۇپ سايلاندىم مەن،
ئاجايىپ ئوت ئىچىدە كۆيگىنىمدە.

بىر قىران بۇركۇتكە نەق ئوخشاپ قالدىم،
تور نېمە،
تۇمان نېمە،
چۇشمەس ئەسكە.
ئاجايىپ خىياللارنى ئويلاپ قالدىم،
نىگاھلار يۇكسەكلىكتە،
چۇشمەس پەسكە.

ھەسرەتنى يالغۇز ئۆزۈم ئالغۇم كەلدى،
كۇلكىنى بارسۇن دېدىم ئۆزگىلەرگە.
جۇت بىلەن يالغۇز ئۆزۈم قالغۇم كەلدى،
خىرىس قىپ باغرى مۇزدەك رەزگىلەرگە.

ئۆچكەن بىر چىراغلارنى پەرلىمىدىم،
يانغاننىڭ بولدۇم شۇئان پەرۋانىسى.
تىغ دەسسەپ يۇرگەندىمۇ تەرلىمىدىم،
ئاتالدىم مەردانىنىڭ مەردانىسى.

چاڭلارنى، توزانلارنى يەلگە بەردىم،
ئۆزۈڭنىڭ شورى دېدىم، توزغانلارغا.
ئاق يول دەپ، مۇبارەك دەپ بەلگە بەردىم،
بەيگىدە مەنزىللەرگە ئوزغانلارغا.

شولىدەك پەيدا بولدۇم ھەر كەڭلىكتە،
چاقنىدىم، ۋاللىدىم، تاراپ كەتتىم.
قالمىدىم سىناقلاردا ھېچ تەڭلىكتە،
ئىشقىلىپ كارغا كەلدىم، ياراپ كەتتىم.

دەۋرىسە دەريا بولۇپ تاغلار راۋان،
كۆرۈمەن ئاشۇ ئالتۇن چاغلىرىمنى.
ياكى سەن تۇنجى سۆيگۇ يا سۆيگۇ تالڭ،
باغرىڭغا تېڭىپ قوياي باغلىرىمنى.

بىر قانداق قۇسۇر يوقتۇر سۆزلىرىمدە،
يىك بېسىپ تۇرغاندۇر-ھە سۆزلىشىشلەر؟!
زور سەنۇ، سىغىپ كەتتىڭ كۆزلىرىمگە،
كۆزلەردىن باشلىنىدۇ ئۆزلىشىشلەر.

11

شان ئۇچۇن ئاتالغاندۇر ھەيرانلىقىم،
تولغاندىم، ھۆسنۇڭنى دەپ ياتالمىدىم.
سەن ئۇچۇن بولدى ئۇنچە قازغانلىقىم،
ئىزدىدىم، تەرىپىڭنى تاپالمىدىم.

سوقۇلدۇم زېمىندىكى ھارارەتكە،
سۆيۇمەن مەڭگۇ بۇنداق سوقۇلۇشنى.
ئورايمەن سېنى سۆيگۇ-جاسارەتكە،
سۆيگۇلەر
بىلمەس ھەرگىز سوغۇلۇشنى.

شاخارىپ كەتتى يەنە مەغۇرۇرلۇقۇم،
ئىگە دەپ مەنمۇ سىنىڭ ھەر قەترەڭگە.
بەخشەندە ئىلھاملىرىم ئالەم-ئالەم.
مۇقەددەس، تەگدىشى يوق ھەر زەررەڭگە.

12

بىر پورەك ياقا يىرتتى،
كۆرۈپ قالدىم،
ئېگىمدا جىمى جاھان يورۇپ كەتتى.
پەيزىنى تەبىئەتنىڭ سۈرۈپ قالدىم،
ئىلھامىم ئاياغلاندى،
تۇرۇپ كەتتى.

يايرىدى گۈل-گىياھلار سەزمەكتىمەن،
ئۆزگىچە ئەمەس خىلى جىنىمىزدىن.
قەترىلەر مىسلى دېڭىز كەزمەكتىمەن،
ئۇندا قان پەرقسىزدۇر قېنىمىزدىن.

زېمىننى ئېمەر پورەك،
كۆكنى ئېمەر،
ئېسىللىق پۇتۇلگەنكەن يىلتىزلارغا.
ھېسابسىز شەربەت ئىچەر،
كەۋسەر ئىچەر،
چاراقلاپ قارايدۇ ئۇ يۇلتۇزلارغا.

ئېچىلدى بىر تال پورەك،
بىر تال غۇنچە،
لەۋسىمان بەرگىلەردە، كۈلكە، كۈلكە.
شادلىققا ئوخشاپ قالدى پورەك شۇنچە،
يۇرەكلەر ئوخشاپ قالدى گۈلگە، گۈلگە.

گۈللەر ھەم،
پورەكلەر ھەم
يېپىشتى رەڭ،
سۆيۈنۈش، بەخش ئەتتى تاڭدا ھەر يان.
مىڭ پورەك شادلىقنى سۆزلەيدۇ كەڭ،
بىر پورەك ۋەسلىدىكى ئاشۇ جەريان.

پارلاق بىر جىلۋىلەرگە كۆمۈۋەتتىڭ،
ئۇنىڭسىز دەمدىن دەمگە ئۆتەلمەيمەن.
ھېسابسىز ئىشتىياقنى تۆكۈۋەتتىڭ،
ئۇنىڭسىز نەپەس ئېلىپ يۇرەلمەيمەن!

13

كۆڭۈلسىز كەچمىشلەرنى ئەسلەتمەيسەن،
كۆڭلۈمنى ئۆستۈرسەن، پەسلەتمەيسەن.
چىنلىققا تەگرى دېسە، سېنى دېسۇن،
راستچىلسەن،
ھۆل كېسەككە دەسسەتمەيسەن.

بارمايمەن ئەمچىلەرگە يارىلانسام،
سەن بارسەن شىپا ئىزدەپ دارىلانسام.
ۋە ياكى ساغا ئوخشاش يانغىنىمچۇن،
ئىچ-تېشى ئالىلاردىن ئالىلانسام.

ئۆسەكلەر قاپلىغاندا گاھى-گاھى،
بۇ ئەسلى ئاجىزلىقنىڭ مۆڭلۈق ئاھى.
بۇمۇ بىر بەندىلىكتە،
بەندىلىكتىن
پاك ئەمەس بەندىلەرنىڭ بۇ دەرگاھى!

ھېكمەتلىك سېنىڭ قولۇڭ قۇياش، قۇياش،
سىيپىدىڭ بولدى تېنىم ساڭا ئوخشاش.
ئىككىمىز سۆزلىشىمىز،
بېجىرىمەن،
مەن مەڭگۇ قېرىمايمەن،
مەن مەڭگۇ ياش.

14

تاڭ يەنە كۆرگىن دېدى،
بۇگۇن سىزنى،
ئۇچراشتۇق،
نۇر قۇتلىدى ئىككىمىزنى.
ئايرىلىش ئۇزەلمەپتۇ ئارىدىكى،
ئۇستازلىق ۋە شاگىرتلىق رىشتىمىزنى.

تاڭدەك بوپ كېتىپسىزغۇ،
يالتىرايسىز،
بىلىمەن، يالتىراشقا ئالدىرايسىز.
ئىزگۈلۈك ئىزدەيسىزا، ئىزدەيسىزا،
ئىزگۈلۈكتىن ئۆزگىگە قارىمايسىز.

ياش تولدى كۆزلىرىمگە،
ئېسەدىدىم،
يۈرەككە ئەرك بەردىم،
تېپە، دېدىم.
نېمانچە لەززەتلىكتۇر دىدارلىشىش،
كۆڭلۈمگە
تاڭ شارابىن
ئىچە، دېدىم.

ھەممىگە مېھرىڭىزنى تەڭ تۆكتىڭىز،
قالتىسسىز،
تار يەردىمۇ كەڭ ئۆتتىڭىز.
كەستىڭىز ئەتىمىزگە توغرا كېسىم،
گۈگۈمدەك قاراشلارنى بەك سۆكتىڭىز.

ئاتا بوپ يېتىملەرگە غەم يېدىڭىز،
مەن تۇرغاندا يېتىم يوق، كەل دېدىڭىز.
ياغدى سىزدىن شاپائەت ئاق يامغۇردەك،
ئورمان ئېيتقان ناخشىلار سىز ئىدىڭىز.

بالا-بەخت، دېگەن بىر سۆزنىڭىز بار،
بەخت-قۇتنى قويۇشتا ئۆزنىڭىز بار.
ئىشەنمىسە قارىسۇن لوقمان ھېكىم،
كۆزىمىزدە ھازىرمۇ كۆزنىڭىز بار.

تۇغۇلۇپسىز بىز ئۇچۇن ئەمدى بىلسەك،
قەلبىڭىزنى باغ سۆزلەر باغقا كىرسەك.
ئەجرىڭىز بار تۇگىمەس زىمىمىزدە،
سىزنى دەيمىز ھەر جايدا ئۇلۇغ دېسەك.

تاڭدەك بوپ كېتىپسىزغۇ،
يالتىرايسىز،
بىلىمەن، يالتىراشقا ئالدىرايسىز.
ئىزگۈلۈك ئىزدەيسىزا، ئىزدەيسىزا،
ئىزگۈلۈكتىن ئۆزگىگە قارىمايسىز!

15

ئۇچراشتۇقمۇ؟

ئۇچراشتۇق، مەيلى، مەيلى،
ئۇيۇق بولار، كۆك بولار قىسمىتىمىز.
تۆتيۇمۇم لەۋ گوياكى لەيلى، لەيلى،
سۆيۇش بىلەن ئۆلچەنسۇن خىسلىتىمىز.

چاقىرماقتا، ئاق يوللار چاقىرماقتا،
يېڭى كۈندە يېڭىدىن ئىشىك ئېچىپ.

چاقىرماقتا، ئاق يوللار چاقىرماقتا،
ئۆزلەشكۈچى ئامەتتىن چاچقۇ چىچىپ.

چاقىرماقتا، گۈل باغلار چاقىرماقتا،
تەشنا كۈتكەن قىزىل گۈل دەستە-دەستە.
چاقىرماقتا، گۈل باغلار چاقىرماقتا،
سەپكە تۇرغان چىمەنلەر رەستە، رەستە.

تارتىشمايمىز،
باقمايمىز،
قارىمايمىز،
كەينىمىزدە قېپقالغان تۈيغۇلارغا.
ئالدىمىزدا بەخت بار، يالتىرايدۇ،
ئۆزۈپ گويا بەختىيار تۈيغۇلاردا. . .

قېنى چاپسان ماشىلى تاشلاپ قەدەم،
سەزگۈ باشقا،
ھېس باشقا،
سەپەر باشقا.
تىنىقلارغا ئۇرۇلدى ھاياتىي دەم،
تۇتاشقاندۇر بىزنىڭ يول
دەل قۇياشقا!

16

ياخشىلىقسىز ياشىماس، ياخشى جانلار،
ياخشىلىققا كۆمۈلدۈم،

خامان ئالدىم.
تومۇرۇمدا جۇش ئۇردى يېڭى قانلار،
ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇم،
ئامان قالدىم.

چۆللەر كەزدىم،
ئالۇۇنغا كۆزۈم چۈشتى،
چاڭقاپ ئۆلدۈم،
قەترە سۇ بولدى هايات!
كارامىتىم پاش بولدى،
ئۇنۇم ئۆچتى،
قوندى باشقا قۇش بولۇپ قارا مامات!

يولچى قۇيغان سۇ تاراپ تەنگە پەقەت،
هاياتىمنى خەتەردىن تارتىۋالدىم.
قايتا كىرگەن جان قالتىس،
قۇدرەت قالتىس،
تاغنى يۇدتۇم،
ئۇچامغا ئارتىۋالدىم.

شېرىن-شەربەت تاغلاردىن ئۆتكىنىمدە،
شېرىن-شەربەت ياشناتتى بويلىرىمنى.
شىرنىسى يوق دەرەخنى سۆككىنىمدە،
بىلىۋالدى مېۋىلەر ئويلىرىمنى.

نۇر ۋەسلىدىن ۋەسلىمگە نۇر يۇققاندەك،
ياخشىلاردىن ياخشىلىق يۇقتى ماڭا.

ئاشۇلارنى سەن ئۇققىن، مەن ئۇققاندەك،
ئاشۇلارنى ئامانەت قوياي ساڭا!

## 17

تار تىنتىرەپ، تارلار بويلاپ كۆي ئاققاندا،
كۆزۈمگە يار سۈرەتلىك ئاي باققاندا.
ئالتۇنغا ئۆرۈلىدۇ خىياللىرىم،
جىلغىلەر چىرىغىغا ئوت ياققاندا...

كۆرمىگەن بىر چېچەكنى كۆرگىنىمدە،
سۆيمىگەن بىر ياپراقنى سۆيگىنىمدە؛
كۈمۈشكە ئۆرۈلىدۇ خىياللىرىم،
كۆيمىگەن ئوت ئىچىدە كۆيگىنىمدە.

شاماللار قانىتىدا ئىپار ئاڭقىپ،
يېڭى بىر پۇراق بىلەن ئۆتسە چاڭقىپ.
ئىپارغا ئۆرۈلىدۇ خىياللىرىم،
بارمىغان جايلار قالماي تازا قاڭقىپ.

كۆزۈمدە يېڭى ھۆسىن، رەڭ ئوينىسا،
پەيزىگە پەيزى خۇمار دىل تويمىسا؛
رەڭلەرگە ئۆرۈلىدۇ خىياللىرىم،
كۈلمەيسەن، كۈلەلمەيسەن رەڭ بولمىسا.

مەن سۆزلەپ

خىياللارنى

ساغا بەردىم،

چىلان تۇپراق،

مۇنبەت يەر

ئۇرۇق تەردىم.

بىخ سۆزلەيدۇ بەرگىلەر قىسسىسىنى،

گۈزەللىككە

جان تەردىم،

قويۇق تەردىم.

1988-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# قۇياشنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز...

1

تۈنۈگۈن، ئەڭ پاكىز ھېسلىرىم ياندى،
ئالەمدە مۇقەددەس بوت بولدۇڭ ماڭا.
ئۇ ھېسلار ئالدىدا ئۆزگە ھېس چاندى،
ھېچقاچان، قىبرىماس قۇت بولدۇڭ ماڭا.

مەن بالدۇر چېچەكلەپ خۇش بۇي گۈل ئاچتىم،
بەيگىدە نىشانغا قادىدىم تۇغ ھەم.
تىرىكلىك تىنىقى-پۇراقلار چاچتىم،
يىغلىماس نۇرلارنى
يىغقۇچى ھەر دەم.

تېگىرقاپ تۇرىسەن، سەن تېخى يولدا،
يېپيېشقاق ئۈيلارنىڭ تورىدا تامام.
بەتلىرى سارغايغان دەستۇرۇڭ قولدا،
پەرۋازلىق قاناتنى كەسكۈچى ھامان.

چاقىردىم مەن سېنى، ساھىبجامال قىز،
دىلىمۇ، تىلىمۇ كەتتى تەڭ بالقىپ.
ھەممىگە كۆنۈكۈپ بېغىر باسساق بىز،
چىقالماي قالىمىز بىر ئىزدىن ھالقىپ.

بىلىمەن، ئالىسەن ماڭا يېتىشىپ،
ئۇيۇقتا توختايمىز ماڭغان پېتى بىز.
نۇر بىلەن مەڭگۇگە باغ-باغ ئېتىشىپ،
قۇياشنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز.

2

باھاردەك ئېچىلىپ تۇرساڭ ئېڭىمدا،
مۆجىزە كۆرسىتەر سۆيگۈ-ئەڭگۈشتەر.
گۇللەرنىڭ كۇلكىسى ھەر بىر تىڭىمدا،
ھەر دېمىم جەۋھىرى،
گۆھەر ۋە گۆھەر.

سەجدىنىڭ نۆۋىتى سېنىڭكى دەيدۇ،
باش قويۇپ پۇتۇمغا باش قويماس قۇياش.
ئۆلۈمۇ ئۆمرۈمنىڭ غېمىنى يەيدۇ،
بولسىمۇ ئەمىلى ئەبەدىي بۇلاش!

يەلكەمگە قونىدۇ ئالتۇن يۇلتۇزلار،
تەئەللۇق بولىدۇ
جىلۋىسى ماڭا.
دېرىزەم ئالدىدا ھېسابسىز ئىزلار،
يۈزلەنگەن بولىدۇ قىبلىسى ماڭا.

مىڭ چېگىشلەر، مىڭ مۇشكۇلات ھەل،
ئامەتلەر كىرىدۇ ئىشىك-تۈڭلۇكتىن.

تۇققۇزۇم، ھەتتاكى ئۇتتۇزۇممۇ تەل،
مىكىرسىز قالىدۇ شەيتان مۆڭلۈكتىن.

بىر پارلاق بوشلۇقتا تۇرۇپ قالىمەن.
نۇر ئاققان يۈرەكنى يېيىپ ئالەمگە.
ئەسىرلەر كار قىلماس سەبىي بالىمەن،
(ئەڭگۈشتەر نېسىپ بول ھەر بىر ئادەمگە.)

3

ئاۋازىڭ ئاڭلاندى، ئۆزۈمگە كەلدىم،
قايتۇردى چوققىلار مەغرۇرلۇقۇمنى.
بىلمىگەن بولغىيدى خالايىق بەلكىم،
بۇنىڭدەك خۇش خۇي بىر ئوغۇللۇقۇمنى.

يوقاتقان ھېكمىتىم ئەمدى تېپىلدى،
ۋۇجۇدۇم سەزگۈگە بولدى يەنە باي.
شاھىتون ئۈستۈمگە يەنە يېپىلدى،
ئەركىلەپ قارىدى يەنە تولۇن ئاي.

سېھىرلىك كۈيىنى باشلىدى ھايات،
باشقىدىن ۋالىلداپ ياندى زەررىلەر.
ناۋالار ئۇزاتتى روھىمغا ناۋات،
قوشاقلار ياڭراتتى يۇمران بەرگىلەر.

قايتىدىن كېپ قوندى ئۇچۇپ كەتكەن قۇش،
يەم ئېلىپ قىللارغا قويمىسامۇ دام.

سۇغۇردى ئىسىنى تۇغۇچ ھەمدە ھوش،
شولىدەك ئىردى قەلبىمدە ئىلھام.

ئاۋازىڭ ئاڭلاندى، ئۇ بىرەر پەقەت،
ئۇمىدتىن، سۆيگۈدىن، بەختتىن دىرەك.
تەشنا بىز ئۆز ئارا ئەبەدىلئەبەد،
ئاۋازىڭ مەن ئۇچۇن يۇتمەسلىك كىرەك.

4

ئۆزىمىز سۆزلەشمەيمىز ئوچۇق-يورۇق،
ئۆتۈنۈپ سۆزلىشىشنى كۆزىمىزگە.
ھەممىسىنى سۆزلەپ بولدى ئۇلار تولۇق،
دىمەككى،
نۆۋەت كەلدى ئۆزىمىزگە.

يۈرەكنىڭ قاتلىرىنى ئاچقان ئۇلار،
ئۆز ئارا سىر تۆكۈشۈپ سۆزلەشكەندە.
پاراڭنى ئۆزگە ياقىا چالغىتمايلى،
يۈرەكلەر ئالىقاچان ئۆزلەشكەندە.

ئىيتايلى، سوڭغى مەقسەت، سوڭغى سۆزنى،
تۈزىنى بىلىپ تۇرۇپ، يول ئەگمەي.
يالقۇنلار يىلىنجاتقان ئىككى كۆزنى،
دەم ئالسۇن دەيلى، ئۇلار بىر سەگمەي.

پىتىنىپ ئىپتايىلىچۇ دىلدىكىنى،
دىمەككى، نۆۋەت كەلدى ئۆزىمىزگە.
بىباھا دۇردۇن بولۇش پەيتى كەلدى،
بىپەرۋا قاراپ يۈرگەن بىزىمىزگە.

1989-يىل مارت، ئۈرۈمچى

# باھار بىلەن سۆزلىشىش

1

كۆمۈش قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتىسەن،
چۈشلەرنىڭ ئىلكىدە چېچەك ئاچىسەن.
تىنىشىڭ كەلمەكتە پەرى خۇلقىدەك،
يېقىملىق نىگاھتا نازلىق باقىسەن.
سېغىندى ھۆسنۈڭنى ئىلھاملىق يۈرەك،
دېمەككى، يۈرەكتە دولقۇن ئاتىسەن.

بىر سۆيگۈ قوشۇنى باشلاپ كېلىسەن،
ئۆزۈڭگە سۆيگۈنى تىمسال بىلىسەن.
يولۇڭدا قالىدۇ تالاي پەرىزات،
تەبىئەت ئانىنىڭ سۆيگۈ دىلىسەن.
كۆمۈلدۈق كۈيلەرگە قەۋەت ۋە قەۋەت،
زېمىننىڭ، ئاسماننىڭ بۇلبۇل تىلىسەن.

شەنىڭنى سۈبھىگە قوشماقتا سابا،
تاڭ ۋۇجۇد دېسەم گەر بولارمۇ راۋا؟
بىلىمەن، تاڭ بىلەن قوشكېزەكقۇ سەن،
سەن تاڭغا، تاڭ ساڭا ياڭرىتار ناۋا.
سەن ئۈچۈن بۇغدايىنى يېگەندۇ ئەتەي،
ئېھتىمال، پىداكار ئادەم ۋە ھاۋا.

سەن سەبىي ئاغزىدىن تۆكۈلگەن كۈلكە،
ھەر بىر تال ھۆجەيرەڭ تولغان مىڭ گۈلگە.
سەن بالقىپ باغرىغا سىڭگەن تەبىئەت،
ياراتتى ھۆرلەرگە تەڭداشسىز ئۆلگە.
بەرقىڭنىڭ زەررىسى قونغان قىيالار
ئايلاندى مۇز تاغنى ئېرىتكەن ھۆلگە.

يۇرتۇمغا سەن ئاستا تاشلىدىڭ قەدەم،
يالقۇنغا ئۆرۈلدى شۇ ھامان جەبھەم.
تاپىنىم ئاستىدا ئالتۇن زەررىلەر،
بەختىم ۋە شادلىقىم، سۆيگۈم مۇجەسسەم.
ئېغىندىڭ باغرىمدا، تۆشەكلىرىمدە،
شۇ تاپتا ئادەم يوق مەندىن مۇستەھكەم.

تەلپۈنۈپ سۆيۈشتۇق، قۇچاقلاشتۇق بىز،
لەۋلەردە لەۋلەردىن ئوتتۇز ئىككى ئىز.
مەن ساڭا، سەن ماڭا جانان بولۇشتۇق،
تۇغۇندىم مەن ساڭا يەرگە قويۇپ تىز.
مەن ساڭا تۇيۇلسام ھەزرىتى يۇسۇپ،
سەن ماڭا تۇيۇلدۇڭ زۇلەيخادەك قىز...

ۋولقاندەك پارتلاتتىڭ ھاياجىنىمنى،
نۇرلاردەك يۇركىدىڭ پاناھ جايىمنى.
ۋاپادار يارىمدەك كەلدىڭ ۋاقتىدا،
بىلمىدىم سارغىيىش، قارا ۋايىمنى.
بېشىمغا قوندۇڭ سەن بەخت قۇشىدەك،
رايىشنىڭ رايى، دە ئەمدى رايىمنى.

يىپەكتەك چۈۋۈلدى پارلاق ھېسلىرىم،
ئۈمىدنى قۇيۇپتا قايتا بىسلىدىم.
كۆل بولدى ھېسلىرىم تەگكەن ھەر نەرسە،
يالغاننىڭ بەتبەشرە يۈزىن ئىسلىدىم.
جانلارنى سۇغاردىم ئاتەش مېھرىمدە،
قۇياشتەك يول تۇتۇپ، ئايدەك ئىشلىدىم.

مەن شۇنداق قۇدرەتتە ئاياغقا تۇردۇم،
يېڭىچە ئاجايىپ ئىمارەت قۇردۇم.
يالقۇنلۇق ئېقىندەك ئېقىپ قالدىڭ سەن،
چوغلانغان كۆكسۇڭگە كۆكسۇمنى ئۇردۇم.
بېجىرىم پېتىدە كۆردۈم جاھاننى،
دوستۇمنىڭ چېچىدىن بىر تال ئاق يۇلدۇم.

ۋەسلىڭگە ئاشىقمەن، مېھرىڭدە ھەيران،
گۈللەتتىڭ زېمىننى، قىلدىڭ گۈل مەيدان.
تەبىئەت دەردىگە سەن شىپا پەقەت،
ساماغا چۇشىسەن، قىلىسەن سەيلان.
يۈرەكنى ياقايلى
بۇ ئانا يەرگە،
ئاپتاپتەك ۋالىلداپ سۈرسۇن ئۇ دەۋران!

كۈمۈش قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتىسەن،
چۈشلەرنىڭ ئىلكىدە چېچەك ئاچىسەن.
چۈشلىرىڭ پاتمايدۇ ئالەم باغرىغا،
ئەمما سەن قەلبىمگە مەڭگۈ پاتىسەن.

جۇش ئۇرۇپ يوللاردەك تومۇرلىرىمدا،
چۇشىڭنى مەڭگۈگە كۆيگە قاتىسەن.

ياخشى چۈش مېنىڭكى، ياخشى ئىش سېنىڭ،
پېشىڭگە ئېسىلىش ئارمىنىم مېنىڭ...
تەڭرىتاغ ئۈستىدە كۆرۈندۈڭ روشەن،
ياشمىمۇ-بىللۇرمۇ، ئالماسمۇ تېنىڭ؟
قاچانلا قارىسام،
ئون توققۇز ياشسەن،
خىزىرنىڭ جېنىمۇ، ئېيتقىنا، جېنىڭ؟

مەن تالاي ناخشىلار ئېيتتىم سەن ئۈچۈن،
ئىشقىمۇ ئاتالدى بىر ساڭا پۈتۈن.
ئالدىڭدا جەننەتنى جەننەت دېۋىدىم،
ئۈنىڭدىن بىخىسىدى قاپقارا تۈتۈن.
ئالەمدە بىھېساب ياڭراق سادالار،
قۇلاقتا پەقەتلا سەن ياڭراتقان ئۈن.

گۈزەلمەن، مەغرۇرمەن ئانا يېرىمدە،
سۆلتىم، دۆلىتىم تۆككەن تەرىمدە.
بىرىمەن مەنمۇ ھەم سېنىڭدىن ئالسام،
مىنگىر يوق ھەرگىزمۇ ئېلىم-بېرىمدە.
ياشايمىز ئىككىمىز ئىرماش ۋە چىرماش،
ئۆزۈڭگە ئوخشىغان نۇرلۇق ئېلىمدە.

2

كۈمۈش قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتسەن،
چۈشلەرنىڭ ئىلكىدە چېچەك ئاچسەن.
چېچەكلەر پۈركىدى بۇ ئانا يەرنى،
جاھانغا توختىماي ئىپار چاچسەن.
بىر يىلدا بىر قېتىم قۇچاقلىشىمىز،
ئاسقىما دىلبىرىم، نەگە قاچسەن.

يۇزلىرىڭ ئاپتاپتۇر، چاچلىرىڭ سۇمبۇل،
شېرىن كۈي تۆكۈسەن، بوپ گويا بۇلبۇل.
تاغلارنى، تاشلارنى كېزىسەن گويا،
سەن ئالماس تۇياقلىق ئىلاھى دۇلدۇل.
ساماۋي تۇس ئالدى ھەممە يېرىمىز،
سامادىن چۈشتۈڭمۇ زېمىنگە ئۇدۇل؟!

ئاشىقتەك قارايدۇ يىراقتىن قىيا،
سۈپسۈزۈك بېتىدە ئوينايدۇ زىيا.
ئۇ سادا بېرىدۇ سۇرەنلەر سالساڭ،
يۇتسۇن دەپ ئالەمدىن يالغان ۋە رىيا.
رىياكار ئادەمگە باقمايسەن ھەرگىز،
چۈنكى ئۇ ئىت يۈرەك، مىجەزى تەرسا.

مەن سېنى تۇرغاندا تازا كۆپ ئويلاپ،
غايىپتىن كېپقالدىڭ زېمىننى بويلاپ.
ئېسىشتى ئەركىلەپ ئەركە يەللىرىڭ،
شۇ تەشنا بىتاقەت باغلاردا سويلاپ.
يارىمنىڭ بويىغا گۈلاپ چاچتىم مەن،
بۇ يىلقى يېڭى بىر تويۇڭنى تويلاپ!

تەبئەت باغرىدىن ياڭرىدى ئاۋاز،
ئۇنىڭدا كۆپ كۆيۈك، ھېسابى يوق ناز.
دۇتارنىڭ تارلىرى تىترىدى ھاللىق،
بارماقلار باغرىدا تىل تېپىپ جانباز.
قەيەردە ئېيتىسەن مۇقامىڭنى سەن،
تاغدىمۇ، باغدىمۇ، ئېيتقىنا، گۈلناز؟

ياپراقلار يايرىدى يېنىپ يېشىل رەڭ،
يېشىل رەڭ باشلىدى مانا يېشىل جەڭ.
سۆيۈملۈك نەرسىدىن تەپچىيدۇ سۆيگۈ،
سەندۇرسەن ئالەمنىڭ سۈيۈملۈكى ئەڭ.
نىمىلەر سىغمايدۇ سىنىڭ قوينۇڭغا،
بارمىدۇ
سىنىڭدەك
كۆڭلى-كۆكسى كەڭ؟!

يوقالغان مەنزىلگە بېرىپ قالدىم مەن،
ياشلىقىم گۈل تۇتتى، سۆيۈپ ئالدىم مەن.
چېچىغا گۈل قىسىپ ئۆتتى بىر لېۋەن،
ئەجەپكى، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدىم مەن.
تۇيغۇلار دۇنياسى ئاجايىپ دۇنيا،
شۇ دۇنيا ئىچىدە ئۇيۇپ قالدىم مەن.

سۆزلەيدۇ دەرەخلەر،
سۆزلەيدۇ تاغ-تاش.
سۆزلەيدۇ كائىنات،
سۆزلەيدۇ قۇياش.

ئايلاندىم سەن بىلەن ئۇيۇل گەۋدىگە،
بۇ ئەمەس ھەرگىزمۇ كۆزۈڭنى بوياش.
ئەجەلدەك تېگىدۇ سېنىڭ ھىجرانىڭ،
سەن بىلەن ئۆمۈرلەر مەڭگۈ بىر تۇتاش.

قارايمەن ئالەمگە،
يەرۇ زېمىنگە،
لىپمۇلىپ ئۇ گويا نۇرغا، گېمىنگە،
ئاڭقىرىپ ئالغىنىم: ياشىسۇن ھايات!
بىر قۇدرەت پارتلىدى ئاتەش تېنىمدە.
يارىمنىڭ باغرىكەن سېنىڭ باغرىڭمۇ،
پەرىلەر نېمانچە كۆپتۇر سېنىڭدە؟!

ھەر دەمدە بىر پەرى كۇلۇپ ئۆتىدۇ،
ھەسەتلەر ھەس-ھەس بوپ ئۆلۈپ ئۆتىدۇ.
ھەسەتنى بىلمەيمىز ھامان ئىككىمىز،
ھەسەتسىز دىللارنى ئۇپۇق كۇتىدۇ.
خىسلەتلەر نېمانچە كۆپتۇر سېنىڭدە؟
بىر باقساڭ مېنىڭدە مىڭى پۇتىدۇ.

ھاياتقا ھېچقاچان يوق مېنىڭ تەركىم،
بولسىمۇ گەر كېتىش قىل سىغماس ئەركىم.
يىقىتىپ ئالالماس جاپالار مېنى،
يىقىتسا يىقىتار تاغلارنى بەلكىم.
چېكىلسە ۋەسلىڭگە،
دېمەككى،
جەزمەن،
ئاشۇنداق قۇدرەتنىڭ ئىگىسى ھەر كىم.

ئاجايىپ ھېكمەتلەر ۋەسلىمدە كەلگۈن،
ھېكمەتكە ئايلىنىپ بارماقتا ئەلگۈن.
يۈرەكىنىڭ تېگىنى ئېپ ماڭار دائىم،
ئېلكىڭدە خۇشبۇيغا كۆمۈلگەن ھەر كۈن.
چاقنىغان روھىيەت
كۆلگەن شوخ دۇنيا،
سېنىڭكى،
سېنىڭكى،
سېنىڭكى پۈتۈن!

3

كۈمۈش قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتىسەن،
چۈشلەرنىڭ ئېلكىدە چېچەك ئاچىسەن.
ئاشىقتۇر چېچەكلەر چېچەككە مەڭگۈ،
زېمىندىن ئاسمانغا ئېپار چاچىسەن.
سەن دەۋرەپ كەلگەندە، مەنمۇ دەۋرىدىم،
يوقالغان ئىلھامنى ئۆزۈڭ تاپىسەن.

بىلىمەن، سۆيۈنۈش سەن بىر ھاياجان،
تەۋرەشتە قالغاندا تىترەپ تۇرار جان.
ئىشەنمەي قالدىم مەن قارا كۆزۈمگە،
ھالىمغا يەتكەيسەن ئالتۇن بويلۇق خان.
دالىدەك كەڭ ئېچىپ قۇچاقلىرىنى،
تۇپرىقىم كۈتمەكتە سېنى جانجان.

چاڭقىدى تىنىقلىق، تىنىق بولدى رام،
ۋەسلىڭگە باغلىنىپ بولدۇم مەن قارام.
ئاجايىپ قۇچاقلار قىسماقتا مېنى،
تەپتى ۋە شولىسى تارام ۋە تارام.
تاپىنىم مېڭەمگە ئۆتكۈزمەكتە ئوت،
بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم-بۇ مېنىڭ ئانام.

شۇ جادۇ كۆزلەردەك باقار ھەرزەررە،
ھەرزەررەڭ يۇمراندۇر، ھەرزەررەڭ بەررە.
ئارمانغا ئۇلاشتىم، ئۆزۈڭنى لېۋەن
رۇجەكتىن ئۆيۈمگە ئاتقان ھەر مەررە.
بىر قەترەڭ تامچىسا ياز يامغۇرىدەك،
ياز-يامغۇر تۇيغۇلار ئاشتى مىڭ كەررە.

تاغلىرىم، باغلىرىم، ئېدىرۇ قىرىم،
دېيىشتى بىر سېنى دىلدارۇپىرىم.
دىلدارىم دىل بېرەر، پىرچۇ؟ پىر مەدەت،
مەيىن بىر قەدەمدە قىلدىڭ بىر ئىرىم.
كۆڭلىگە مۇز تۆككەن بىراۋلارمۇ بار،
ۋە لېكىن ئۆزۈڭسەن مەڭگۈللۈك سىرىم.

مەن سېنى تەلمۈرۈپ كۈتتۈم ئىنتىزار،
كۈتتىمۇ، ئاخىرى كۆرسەتتىڭ دىدار.
كۈتۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سۆيگۈ جەزمەن،
سۆيگۈسىز ئادەملەر كۈتۈلمەس زىنهار.
قارلاردىن، چاپقۇندىن سورىدىم سېنى،
بۇ تەشنا قەلبىمنى قىلىپ مەن ئىزهار.

سۈيۈنچە سورىدىم ياردىن ئالدىراپ،
بىتاقەت يۈرىكىم كەتتى قالتىراپ.
ئۆزۈڭدەك كەپتىغۇ دىدىم ئۆزۈڭنى،
يۈلتۈزدەك جىمىرلاپ، ئايدەك يالتىراپ.
كۆڭۈلنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى كۆپ كۈيلەر،
گاھىدا چاراسلاپ، گاھى شالدىراپ.

شەپقەتنى كۆرگەندە سىنى ئەسلىدىم،
مەن سىنى شەپقەتنىڭ باغرى بەس، دىدىم.
قوزىدا ئۇچراشتىم سەن بىلەن خۇشال،
ئەسەبىي ھىسلاردىن تەستە پەسلىدىم.
ئالتۇن باش بولۇشتى ھالال نوتىلار،
ھارىمىن ئايىماي كەسكىن كەسلىدىم.

يىتىسەن ھاياتقا سوئال ياغدۇرۇپ،
ھەمىگە ھەمىشە نەزەر ئاغدۇرۇپ.
ئۇنچىگە كۆمۈسەن زىمىننى تامام،
توك قاپاق بۇلۇتنى قىشتىن تاندۇرۇپ.
جىلغىلەر تۆكمەكتە مەلىكە ئاپتاپ،
قانىغان بۇرجەكنى نۇرغا قاندۇرۇپ.

كۈمۈش قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتىسەن،
چۈشلەرنىڭ ئىلكىدە چىچەك ئاتىسەن.
چۈشلەرنى چىشىمغا چىشلەتكەن پىتى،
چۈشلەردەك مەنزىلگە مىنى چاتىسەن.
ئىلھامىم يوقالغان سىنىڭ قولۇڭدا،
مەن ئەمەس، ئۇنى سەن، ئۆزۈڭ تاپىسەن.

ۋىسالىنى تىلەيدۇ تىنماستىن سەنەم،
ناۋاسى مۇقامدۇر، ناۋاسى ئەجەم.
يارىغا تەققاسلار ئۆزىنى هامان،
قانىتى، پەرۋازى، كۆكى مۇجەسسەم.
تارتۇققا ئاپىراي يارىمغا سىنى،
ئۆيگە بارغاندا مېهمانغا مەن هەم.

سەن باردا بولمايدۇ مېنىڭ قەددىم دال،
تولپارىم يەلپۈتەر سەپەرگە دەپ يال.
تومەن گۇل چاقىرار دېيىشىپ: مېنى
گۇلخۇمار ئىكەنسەن، قېنى، مېنى ئال.
خۇش پۇراق ئىكەنغۇ گۇللەرنىڭ رەشكى،
تالاشتا قالدىم مەن ئاجايىپ بىر هال.

مىجەزىم سەن كەبى، نىيىتىممۇ ئاق،
تالاشقا سال ئۇنى، سىن كۆزۈڭدە باق.
سىناقتىن ئۆتىدۇ ئۇ چوقۇم ئالىي،
كۆزى يوق قىياسلار جاندىن تويار جاق.
قولۇڭنى سېلىپ كۆر يۈرىكىمگە سەن،
قولۇڭغا چىقىدۇ بۇ ئانا تۇپراق!

1990-يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

## ئۈنتۈش

چۆمۈلسەم بولارمۇ كۆز ياشلىرىڭغا،
ئۇ بولدى يېيىلىپ ياتقان بىر دېڭىز.
قونايمۇ بەخت بوپ ئاق باشلىرىڭغا،
بەختتەك بىباھا ھەسرەتلىك ئەي قىز.

چىمەنلەر ئىچىدە شولا قوغلىشىپ،
قۇياشقا قۇياشتەك باقار ئىدىڭ شاد.
تۇراتتى باغرىڭدا گۇللەر چوغلىنىپ،
گىرىمسەن بوياقلار كۆزلىرىڭگە يات.

ئۆرەتتى چېچىڭنى ئۆلچەپ قىرىق تال،
ھەر تاڭدا ھۇر قىزلار قوللىرى يىپەك.
كۆڭۈللەر كىر بىلمەس ئېرىپ تۇرغان بال،
مەڭىزلەر قىپقىزىل قات يارغان چېچەك.

كۈنلەرمۇ، تۈنلەرمۇ سۆيگۈلۈك ئىدى،
جەننەتكە تۇتاشقان سەن يۇرگەن جىم يول.
ھ ەممىسى بىر سېنىڭ غېمىڭنى يېدى،
ئۇلارغا سىلكىدىڭ، سىلكىمىدىڭ قول.

ئۈچماقنى ئىستىدىڭ ھۆر بولماق ئۈچۈن،
قانىتىم بارمۇ-يوق دېمەستىن تېخى.
يۇلتۇزۇڭ ئوت ئىدى، تەلىيىڭ پۈتۈن،
ئۆزگىگە تاش قىسمەت بىر ساڭا سېخى.

تۈيدۈرماي ئاستىرتىن قىلاتتۇق ھەۋەس،
ئامىتىڭ، ھۆسنۈڭگە ھەممىمىز دائىم.
گۈللەرنىڭ ھىدىدىن ئالاتتۇق نەپەس،
سۈبھىدەك، شەپەقتەك كۈلسەڭ مۇلايىم.

ئۇنتۇلدى قايغۇلار، ھەسرەت بولدى دال،
ئۈرۈمچى «كۆز ياشقا ئىشەنمەس» ئەمدى.
چاچلىرىڭ ئۆرۈلدى يەنە قىرىق تال،
قۇدرەتكە ئايلاندى ئايرىلىش دەردى.

چۆمۈلسەم بولارمۇ كۆز ياشلىرىڭغا،
قونايمۇ بەخت بوپ ئاق باشلىرىڭغا.

1990-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# گۈلى رەنا

سىزنى كۆرۈپ بىر چاغلارنى ئەسلىدىم،
قالغان ئەمدى ئۈپۈقتىمۇ كۆرۈنمەي،
ئىزدىگىنىم تىپىلغانمۇ ئالەمدە،
ئوڭ كەلمىگەن بۇ تەلەيگە نىمە دەي؟

سىرلىرى كۆپ يىگىت ئىدىم ئۇ چاغدا،
سىرداش ئىزدەپ تەلمۈرەتتىم كۆزلەرگە.
چاۋام چىتقا يىپىلاتتى بىر دەمدە،
رەڭ بىرىشنى بىلمىگەچكە سۆزلەرگە.

ياقا تۇتۇپ تاڭ قالاتتىم تىڭىرقاپ،
ئاللا-ئىگەم ياراتقان بۇ قۇللارغا.
تاڭ قالاتتىم سەزگۈلەرنى ئۆلتۈرگەن
دۇنيامىزنى ياراتقان بۇ ئۇللار[1]غا.

ئاچچىق ھەسرەت يۇتۇپ تۇندىن تاڭغىچە،
ئىگەك تۇتۇپ ئولتۇراتتىم پەرىشان.
تىلسىماتتىن بىر ھەسرەتداش ئىزدەيتتىم،
نۇر ئورنىغا قۇچاقلايتتى قەھرىتان.

① ماكسىم گوركىنىڭ «ئادەم-دۇنيانىڭ ئۇلى» دىگەن سۆزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋەھىمىلەر ھەمراھ بولغان ياشلىقىم،
ئۆتتى مىسكىن،
قايتالمايدۇ كەينىگە.
نېمىشقىمۇ ئۇچراشمىدۇق ئىككىمىز،
دەھشەت سېلىپ ياۋۇز يىللار پەيلىگە!

نېمىشقىمۇ ئۇچراشمىدۇق ئىككىمىز،
زالىملىق قىلىپ ۋاپا بىلمەس قىسمەتنى.
كۆرۈپ قويسا بولاتتىمۇ بۇ دۇنيا،
ئىنسانىدىكى پارلاپ تۇرغان خىسلەتنى...

گۆھەرلەرنى چاچامتىڭىز دىللارغا،
شۇنچە گۆھەر قەلبىڭىزدە بولمىسا.
شولىلارنى ئۆلەشتۇرمەس ئىدىڭىز،
يۈرىكىڭىز شولىلارغا تولمىسا...

چىلبۆرىلىك - يېپەكلىشىپ سىر ساتقان،
ئايلاندۇرۇش ئاپئاق يۈزنى سىياھقا.
دوستلار سىرى قەلبىڭىزدە قىز تېخى،
ئوخشىتىمەن سىزنى ياقۇت قىياغا!

ئىزگۈلىكلا ئۆزگەرتىدۇ جاھاننى،
ئۆزگەرمەكتە مېنىڭمۇ دىل جاھانىم.
نېمىشقىمۇ ئۇچراشمىدۇق ئىككىمىز؟
قالدى تەشنا، قالدى تەشنا ئارمانىم.

تار يوللارنى كېڭەيتەتتۇق ئىككىمىز،
زەخمەتلەرنى كېمەيتەتتۇق ئىككىمىز.
كىمنىڭ كۆڭلى ھەسرەتلەردىن قارايسا،
مېھرلەردىن ئاقارتاتتۇق ئىككىمىز.

قەلبىمىزدە دوستلار قەلبىن ساقلايتتۇق،
يامان كۈندە تۆھمەتلەردىن ئاقلايتتۇق.
جېنىمىزنى تىكىپ قويۇپ تىترىمەي،
ئەجەل باسقان ھەقىقەتنى ياقلايتتۇق...

يۇلتۇزلارنى ئۈزۈپ ئېلىپ ئاسماندىن،
ھېكمەتلەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ داستاندىن؛
تارىتاتتۇق دىلكەشلەرنىڭ بەرىگە،
تارىتاتتۇق، تارىتاتتۇق ھەممىگە؟

قارا داغلىق سايىلەرنى يورۇتۇپ،
چەك قوياتتۇق رەزىللەرنىڭ ھەددىگە!
تەڭرىتاغدىن تاڭ نۇرىنى سوراپ ئېپ،
تون ياپاتتۇق ياخشىلارنىڭ قەددىگە!

ئوغا يېگەن ئۈدۈملارغا باش ئەگمەي،
كەلمەكتىمىز غۇرۇر تۆكۈپ ھاياتقا!
بويىڭىزدا تاغلار كەبى جاسارەت،
تەڭ كېلىسىز، سىزلا پەقەت ماماتقا!

نۇردىن پۇتۇپ قاماشتىڭىز

چۇش كۆردۇم،

بىرلا ئەمەس، شۇ سۇپەتتە

ئۇچ كۆردۇم.

نېمە ئىكەن بىشارىتى بۇ چۇشىنىڭ؟

گۇلى رەنا، سىزدە گۇلدەك كۇچ كۆردۇم.

نېمىشقىمۇ ئۇچراشمىدۇق ئىككىمىز؟

(تەقدىردىكى تەتۇرلۇكنى بىلىمىز.)

كەچ بولسىمۇ، ياخشى كۇندە ئۇچراشتۇق،

ياخشىلىقنى مەڭگۇ تەڭرى بىلىمىز.

1990-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# يېڭى كۈن قەسىدىسى

جامالىڭدەك يورىدى بىر كۈن،
جامالىڭدەك ئۆتسىكەن تامام.
نۇر ۋەسلىدە بولمايدۇ تۈتۈن،
چاقناپ تۇرار مەڭگۈ بۇ كالام.
يېڭى كۈندە سەن يېڭى، پۈتۈن،
نۇرلىرىڭنى قويىمەن تالام.

قەدەملىرىڭ ئاستا، خىرامان،
ئىزلىرىڭدا يېڭى مەنە بار.
كۆزلىرىڭگە باقتىم بىئامان،
لەۋلىرىڭدە يېڭى رەنا بار.
دىلنى چۇلغار يېڭى هاياجان،
يېڭى كۈنگە هەمدۇ-سانا بار.

قايتىلانماس هەتتاكى بىر دەم،
يىغلاپ تۇرۇپ، خوش دەيمىز ئاڭا.
بىر دەمگىمۇ ئەسىر مۇجەسسەم،
ئوخشاپ كەتتى ئەجەپمۇ ساڭا.
بىر نىگاهىڭ مىڭ كىسەلگە ئەم،
نېسىپ بولماي كەلمەكتە ماڭا.

سۆيگەن دىلنىڭ مىڭبىر نازى بار،
يېڭى كۈننىڭ مىڭبىر قارارى.

دىلبەرلەرنىڭ دىلبەر سازى بار،
كارۋانلارنىڭ ئاستىدا نارى.
زىمىستاننىڭ جەننەت يازى بار،
كۆي تۆكىدۇ يۈرەكنىڭ تارى.

ھەسرەتلەرگە نەدىكى نۆۋەت،
ئۆسەكلەرگە قىلسۇن كىم پەسەن.
يېڭى كۈنۈڭ، يېڭى مۇھەببەت،
يېڭى كۈندە بولغايسەن ئېسەن.
ئاچچىق يۇتما ھاياتتا پەقەت،
غالىپلاردىن بولىمەن دېسەڭ.

خوپ ئۆزۈندۇر ۋىسالدىن ھىجران،
ئەقىدەڭنى چېكىپ كۆرىدۇ.
تاغدەك چىدام يارىتار ۋىجدان،
جاپالارنى ئۆرۈپ-چۆرىدۇ.
ئاشىق بولساڭ، چەكمىگىن پىغان،
ۋايىسايشلاردىن سۆيگۈ ئۆلىدۇ.

جۇشقۇن، خۇشال ياشا، ئەي جانان،
غەم قوندۇرما ھەرگىزمۇ ئەسكە.
ھەممە نەرسە يېڭىدۇر ھامان،
تەلقىن قىلىپ كۆرەيلى بەسكە.
بۇ كېسىمىم گەر چىقسا يالغان،
مەيلى مېنى يىگىت ئەمەس، دە!

چىمەنلەردە نازۇك گۈللەر بار،
ھېلى مەندىن سورىدى سېنى.

گۈل سورىغان ئادەم بەختىيار،
پەرى ھېسلار ئۇرىدى مېنى.
گۈلگە تولغان بۇ ئانا دىيار،
ئىپار ھىدلار تورىدى مېنى.

قاشلىرىڭنى دوراپ ھىلال ئاي،
كۆك يۈزىگە ئەگىم قادالدى.
يۇلتۇز ئىچىپ ساڭا خۇش چىراي،
ئاقتى ئۇقتەك، مەيىن تارالدى.
قارا رەڭگە قارىچۇقۇڭدەك باي،
ئەجەپ ئىسىل كىچە يارالدى.

مازىقىڭغا قالىمەن گاھى،
گاھ بولىمەن مېھرىڭ بىلەن مەست.
كىسىم كەسكەن سۆيگۈ ئىلاھى،
چىدىماسلار چىن ئاشىق ئەمەس.
ئاڭلا، بىزنىڭ ئىشىق دەرگاھى،
راھەت ئەمەس، ئازاپقا پەۋەس.

ئازاپ بىلەن يۈرسەممۇ كۆپ چاغ،
جۇشقۇن كۈيلەر كۈيلەيمەن دائىم.
يۈرىكىمدە يوقتۇر زەررە داغ،
قورقىتالماس قىيامەت قايىم.
يۆلەنگىنىم ۋاپا-ئىگىز تاغ،
تاغ يانسىمۇ، يانمايدۇ رايىم.

ئەقىدىسىز ياشىماق ئوڭاي،
قوشۇلىسەن خەسكە تىز پۈكۈپ.

دەيسەن ياۋغا قولۇڭغا قوناي،
ھەم كېتىسەن پاتقاققا چۆكۈپ.
دەيسەن ياۋغا سۆزۈڭگە ئۇناي،
ۋە ياشايسەن يۈزۈڭنى تۆكۈپ.

تۇيغۇلاردىن ئىزدەيسەن جەۋھەر،
جەۋھەرلەردىن بوپقالىسەن لال.
ئىزگۈلۈكلەر كۆپتۇر نەقەدەر،
پارلاق، چەكسىز، چىرايلىق، ھالال،
رەزىللىكلەر كېزەر دەر بەدەر،
ئەمما دىلنى قىلالماس مالال.

ئارمىنىڭغا يەتمەكچى بولساڭ،
ئۆز يولۇڭنى بەرمە ھېچكىمگە.
كامالەتكە تولۇن بوپ تولساڭ،
بۇ جاھاندا بىرلا مەن دېمە.
جۇدۇن تەگسە، بىر مەھەل سولساڭ،
كۆز كەلدى دەپ زىنھار غەم يېمە.

خىياللارغا باي بولۇپ ئۆتتۈم،
مىكىرلەرگە تەبىئىي گاداي.
ھېكمەتلەرگە مەيلىمچە چۆكتۈم،
ھىكمەتلەرگە تۇغۇمنى قاداي.
يېڭى كۈنگە سۆيگۈمنى تۆكتۈم،
يان، يېڭى كۈن،
مەنمۇ ھەم ياناي!

1991-يىل 19- مارت، ئۈرۈمچى

## تولۇن ئاينىڭ يۈزىدە...

تولۇن ئاينىڭ يۈزىدە يىپىقلار بار، بىر كىتاب،
يىپىقلارنى پەقەتلا بىز ئىككىمىز بىلىمىز.
يىپىقلاردا سۆيگۈ بار، يىپىقلاردا بار ئاپتاپ،
ئۇندا پەرى، ئۇندا گۈل، تەنها بىزنىڭ خىلىمىز.

تولۇن ئاينىڭ يۈزىدە يىپىقلار بار، بىر كىتاب،
يىپىقلارنى پەقەتلا بىز ئىككىمىز بىلىمىز.
يىپىقلاردا تۇرىدۇ ئالەم چاقناپ، نۇر چاقناپ،
هاياتىكى يوللاردا بىزمۇ چاقناپ كېلىمىز.

دەۋر قىلىپ تولۇن ئاي كۆك ئاسماننى هەر سۆيسە،
يىپىقلارنى ئوقۇيمىز هاياجانلار ئىچىدە.
هايات دىگەن هاياجان، هاياجانلار كۆپ بۆسە،
ئايغا يازدۇق سىرلارنى هاياجانلىق كېچىدە.

شىلدىرلايدۇ جىگدىلەر، شىلدىرلايدۇ هېكمەت بار،
يىنىۋاتقان كۆزلەرنى كۆر دېيىشەر يۇلتۇزغا.
جۇپلەشكەن لەۋ جۇپ قەدەھ، رەڭگى مىسلى بىر ئانار،
بوستان چاچلار قاپقارا، دەهشەت سالار قۇندۇزغا.

بالىلىقتەك بىباها، يۇمران، پاكىز تۇيغۇلار،
مەڭگۈ پارلاق مەنزىلنى تەييارلىغان بىر قەدەم.
ئوتتەك يانغان تالاي تۈن، ئۆچكەن تالاي ئۇيقۇلار،
قەسەمسىمان هەر بىر سۆز، ئەسىرسىمان هەر بىر دەم.

كۆزنەكلەردىن ئاققان نۇر نەشتەر كەبى قاراشلار،
ئاياغلاشماس ئۆرتىنىش، يۈرەك ئۆزى ئوت گويا.
رەشىك دېگەن سۆيگۈدۇر، سۆيگۈدە يوق ئاراشلار،
سۆيگۈ چىققان كوچىنىڭ پەقەت ئۆزى بىر دۇنيا.

شەپەق سىنىڭ، كۈن سىنىڭ، شولا سىنىڭ، تاڭ سىنىڭ،
كۈندۈز سىنىڭ دېيىشىپ يورۇقلۇقنى بۆلۈشەر.
ئازغۇن بولۇپ كور ئامەت كەلسە، ئاپەت دەپ مېنىڭ،
بىر-بىرىنىڭ يولىدا جان بېرىشلەر، ئۆلۈشلەر.

دەۋرەپ تۇرغان ۋۇجۇتقا بار شادلىقتىن تۇغۇلغان
چۈشتەك گۈزەل تىلسىمات، ئايدەك نۇرلۇق بۇتناشلار.
بىر زەررە شان باققاندا مىڭ زەررىگە بوغۇلغان،
چەكسىز كەتكەن سۆيۈنۈش، چەكسىز كەتكەن قۇتلاشلار.

قوۋناق، ئىجىل ئۆتكەن كۈن خاسىيەتلىك ھاياتتا،
دىل ئەمرىنى تۆككەن شاد دىل يىلتىزلىق جۈپ كۆزلەر.
كۆزلەر سۆيگۈ سۆزلىگەن، قول ئورنىدا قانات بار،
تۈگىمىگەن خۇشاللىق، تۈگىمىگەن كۆپ سۆزلەر.

بىر-بىرىگە ئىنتىلگەن تالا-تالا نۇرلاردەك،
ئىنتىلىشىپ، زارىقىپ، تەلمۈرۈشۈپ ئۆتۈشلەر.
ھېسسىز قاتقان تۈمەن يىل قورغانبېشى، تۇرلاردەك،
بەلگە قىلغان يەرلەردە دەردى شېرىن كۈتۈشلەر.

ئانا قۇياش باغرىدىن جان ئالغاندەك جاندارلار،
بىر-بىرىدىن ئۆز ئارا نۇر-هارارەت ئېلىشلار.
يول بىر غولاچ، ئۇزىتىش مىڭ غولاچتۇر ساندارلار،
دېرىزىنىڭ ئالدىدا خەيرلىشىپ قېلىشلار.

زەهەر يۇتۇپ نامەردتىن هارام بولسا هالال ئىش،
يۈرەك سېلىپ يۇرەككە ياندا مەزمۇت تۇرۇشلار.
ئىپار يەللەر ئېسىشكەن باهار بولغان قارا قىش،
گۈلدەك يېنىپ چاراسلاپ تولۇن ئايدەك تولۇشلار.

تاڭ پەيتىدە كۆرگەن چۈش، مەستخۇشلۇقتا كەلگەن ئوي،
هىجران تۈنى چالغان كۈي، ۋىسال تۈنى ماڭغان يول.
نىگاهلارنىڭ قېتىدا پەي بوپ قاتقان چۈيۈن بوي،
جەننەت قۇچاق ئىچىدە كۆككە يەتكەن قىسقا قول.

يىراق تۇرسۇن پەرىشتەڭ، يىراق تۇرسۇن ئاسمانلار،
چالغىتالماس هېچ نەرسە بىر تىلسىمدىن ئويلارنى.
بىر تىلسىمنى كۈيلەيدۇ مەندە جىمى داستانلار،
بىر كۆلكەمدىن تاپسەن مىڭ كېچىلىك تويلارنى.

دېگەن پارلاق دەستۇرلار ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش،
تىلەش مەڭگۈ بىتىنىم يۇرەكلەرگە سۆزۈك قان.
ئەقىلدىكى ئىش-ئەمەل كەمتۈكلەرنى تولۇقلاش،
سۆيگۈ مەڭگۈ هاكىم بول، بىجىرىم بول ئەي ئىنسان.

1991-يىل 19-ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# قۇياشتىكى سادالار

قاپلاپ تۇرار ئالەمنى قۇياشتىكى سادالار،
ئاڭلاپ تۇردۇم ئۇلارنى قەلبىم بىلەن ھەر دائىم.
ئاڭلىيالماس ئۇلارنى ئۆزى بىلەن ئادالار،
(ئادەم بىلەن شەيتاننى تەڭ ياراتقان خۇدايىم.)

قەدەم باسسام يوللارغا نۇرلار بىلەن كېچەشتىم،
زۇۋان سۇرسەم ھەر جايدا يۈرىكىمنى كەڭ ئاچتىم.
ياپراق كۆرسەم سارغايغان كۆز بولماستىن، تۇگەشتىم،
يامغۇر قويسا چۆلگە كۆك، مەن مېھرىمدىن سۇ چاچتىم.

ئاق روماللىق ئانىلار سۆيگۇ ئالدى مېنىڭدىن،
مۇڭ ھەسرىتى تاشلىدى تاپىنىمغا مىڭ ئېگىز.
ئۇلار ماڭغان يوللارنى خىزىر يولى دەۋەرگىن،
قاراپ تۇرسام كەينىدىن، قالدى كۆزدە بىر دېڭىز.

يالتىرىغان يالغان رەڭ تارتالمىدى مەيلىمنى،
سەرراپلارنىڭ يېنىدا چوققىلاردەك ئېگىز مەن.
سولدۇرالماس ھېچكىمۇ چېكەمدىكى لەيلىمنى،
مۇشەققەتلەر تاش بولسا، مەن بىر ئالماس بىگىزمەن.

ۋايىسمايمەن ھەرگىزمۇ تاش بېغىركەن قىسمەت دەپ،
كەچمىشلەر ۋە ئەتمىشلەر ئۇتتۇلۇشقا كېسىلگەن.
تارىمۇشمەن ئۇزۇلمەس، ھەيران قالغىن، چىڭ ئەجەپ،
ھايات دېگەن ھېكمەتنىڭ قوللىرىدا ئېشىلگەن.

قىلدىن قىيىق كەتسەم گەر سادا تىلغا كىرىدۇ،
چاقماق چىقىپ مىڭەمدە، تەن يانىدۇ بەش بەتتەر.
قانغا سىڭگەن خۇيۇمنى قۇياش تامام بىلىدۇ،
بىر خاتانىڭ ئازابى روھىم ئۇچۇن مىڭ زەھەر.

ئات مىنگەنگە ھەسەت يوق، قالسام يولدا پىيادە،
ئادىمايمەن تاش ئالسام، خەق ئالغاندا جاۋاھىر.
كۆپ بولسىمۇ رەنجىشلەر، خوشاللىقىم زىيادە،
خەققە باققان ئامەتلەر باقمىسىمۇ ماڭا بىر.

بەخت ئالدىم ھودۇقماي، پارلاق بەخت بار يەردىن،
چاقناپ ئۆتتى ھاياتتا ھەر بىر ئەسنا، ھەر بىر دەم.
ئاپەت دېگەن قورقىدۇ بەختى پارلاق مەرد ئەردىن،
ۋۇجۇدىغا بىر ئەرنىڭ مىڭ دەريا نۇر مۇجەسسەم.

ئوتتەك يېنىپ، لاۋۇلداپ، نۇردەك پارلاق ئۆتىمەن،
يېنىش، پارلاش، لاۋۇلداش ئەسلى مېنىڭ ئەقىدەم.
ھەر ئۆي ئۇچۇن ھەمىشە شىۋە قەدىر كۇتىمەن،
بۇ نىيەتتىن بەزگەن چاغ ـ مېنىڭ ئەجەل دەقىقەم.

ئەتتىن چىققان ئەجىرلەر بەدەلسىز ھەم مىننەتسىز،
كەۋسەر بېرىپ تەشناغا ئۇنتۇپ قالدىم شۇ ھامان.
بەرگىنىنى دادلىغان ئىككى ئالەم قىممەتسىز،
جەننەت بولسا بولىدۇ مۇشۇ روھتىن بۇ جاھان.

پۇتاقلارنى يىرمىدىم دەرەخلىكتىن ئۆتكەندە،
غۇنچىلارنى ئۈزمىدىم چىمەنلىككە كىرگەندە.

ئەگەشمىدىم ئۆزگىگە ئۆزگىلەرنى سۆككەندە،
(شادلىق بىلەن ئىزگۈلۈك ئەلمىساقتىن بىرندە!)

يۇمران بىخلار كۆرسەتتى بىر ئۇپۇقنى كۆزۈمگە،
قەترە سۇدا ئوينايدۇ ئالەمشۇمۇل شولىلار.
چاڭ يۇقمايدۇ ھەرگىزمۇ ئەسلى ئېسىل ئۆزۈمگە،
ئالىقىنىغا ئەقلىمنى ئالالمايدۇ لولىلار.

جىلتە ئاسقان بىر سەبىي يورۇپ كەتكەن بىر دۇنيا،
يۇمران قەدەم بۇگۈننى ئەتىلەرگە چاتىدۇ.
يۇمران قەلپ خىسلىتى پەرۋاز قىلغان قۇش گويا،
ئۇنىڭ كىيىك كۆزىدە كۆپ مەنىلەر ياتىدۇ.

جان تەسەددۇق ئەيلىگەن جاندىن ئارتۇق جانان بار،
چەكسىز قۇدرەت يارىتار ئېگىمدىكى ۋاپالار.
ئۇنىڭ سۆيگۈ كۆكلىمى مەڭگۈ كۆرمەس مانان-قار،
يىغلاپ ئۆتەر ئىشىكتىن قارا چىراي جاپالار.

بېجىرىمدۇر يۈرەكلەر، بېجىرىمدۇر ھايات ھەم،
بۇ ھېكمەتنى بىلمەيدۇ ئار-نومۇسقا گادالار.
تاغ بالقىتقان ھارارەت ۋۇجۇدۇمغا بولغان جەم،
ئايرىلمايدۇ قولاقتىن قۇياشتىكى سادالار.

1991-يىل 10-دېكابىر، ئۈرۈمچى

# هايات، سۆيگۈ، تەبىئەت، تۇپراق

1

دان ئۆلمەي چاچرىشىپ كۆز تارتمايدۇ بىخ،
جان ئۆلمەي، دۇنياغا كۈلۈپ كەلمەس جان.
بەدەلسىز كۆكرىش، غايىۋي ئىشق،
بىر زەررە ئىزگۈلۈك، بىر زەررە ئىمان.

ھېسابسىز تىنىقنىڭ سانى بار بىراق،
ئاخىرى بىر تىنىقتا ئۆچەرمىز جەزمەن.
ھايات بۇ دىلدارلار پەرلىگەن چىراغ،
يورۇقى ئالەمنى بىسوراق كەزگەن.

بىر پۈتۈن سەييارە ھەر بىر دەقىقە،
بىرىنى بىرىدە كۈتمەيدۇ زىنھار.
مۆھۈرۈم چۈشسىلا ئۇ بىر ۋەسىقە،
كىملىكىم ھەر كىمگە بولىدۇ ئىزھار.

ئالدىراپ كەلمىدىم بەلكى دۇنياغا،
ئالدىراپ كەتمەيمەن دۇنيادىن ئۆزۈم.
ئايلاندىم نۇرنى دەپ بۇلبۇلگوياغا،
زۇلمەتكە يۈزلەنسەم يۇمۇلماس كۆزۈم.

ئاللىكىم بولمىدىڭ، قېنى كارامەت؟
دەپ مېنى سۆكمىگىن بايقۇش دانىشمەن.
ئانامغا ئوغۇلمەن، ئېلىمگە ئامەت،
ئىزىمدا چاقنايدۇ نازۇك بىر چىمەن.

1

ھاياتنى سۆيمىز شۇنداق بۇ ھامان،
سۆيگۈسىز يوق بولۇر ۋە لېكىن ھايات.
ھايات بار، سۆيگۈبار جىسمىمدا ئامان،
دېمەك، مەن يېتىشتىم ھەممىگە ھەيھات.

2

باغرىڭنى مەن چەكسىز بىر دۇنيا دېدىم،
سەن ئۇچۇن مەنمۇ ھەم بىر دۇنيا ئىدىم.
باقىيمۇ، پانىيمۇ بۇ قوش دۇنيا دەپ،
تىنمىدىم ئەتىنىڭ غېمىنى يېدىم.

كۆزۈڭنى نۇر تامغان بىر ئاسمان دېدىم،
ئاسمانغا تەلمۈرگەن بىر ئاسمان ئىدىم.
بۇلۇتسىز بولارمۇ ئىككى ئاسمان دەپ،
ئىشەنچ؟ ياق، گۇمانىڭ نېنىنى يېدىم.

خۇلقۇڭنى بال ئاققان بىر جەننەت دېدىم،
جەننەتكە ئەل بولغان بىر جەننەت ئىدىم.
قەيەردە قوشسەن قوش جەننەتنى دەپ،
يارىتقان ئىگەمنىڭ جېنىنى يېدىم.

مېھرىڭنى مەڭگۈلۈك تىلسىمات دېدىم،
ئۈنىڭچۈن مەنمۇ ھەم تىلسىمات ئىدىم.
بىر بولۇپ قالسا دەپ ئىككى تىلسىمات،
تىلىدىم، جېنىمنىڭ تېگىنى يېدىم.

سۆيگۈڭنى لەك ئۇرغان بىر دېڭىز دېدىم،
سۆيگۈمدە مەنمۇ ھەم بىر دېڭىز ئىدىم.
قۇيۇلغان بىر دېڭىز بىر دېڭىزغا دەپ،
پۇچۇلدۇم، ئەقلىمنىڭ دىنىنى يىدىم.

قاچقانىنى قوغلايمىز ئۇشبۇ دۇنيادا،
يېتىشسەك تاشلايمىز، ئارمان-قىيادا.
دېڭىزنىڭ لېۋىگە قويغاندا ئاياغ،
قاراپمۇ قويمايمىز، بىر چاغلار چۆلدە،
بەرگىدە سۇ بەرگەن مىسكىن گىياھقا.

3

تەبئەت قوينىدىن چىقتىم ئايرىلىپ،
قاراپمۇ قويمىدىم ئاڭا قايرىلىپ.
بېشىمغا چىقتى زەپ مۇشۇ تۇزكورلۇق،
ئالدىغا باردىمەن يەنە ئايلىنىپ.

جېنىمنى ئېپبەردى ئارچا بەرگىدىن،
ياشاشقا مەن يەنە كەتتىم سايلىنىپ.

چۈقاي ۋە تاشلاردىن ئۆپرىغان كەتمەن،
بېجىرىم بولدى خۇي، كەتتى ئايلىنىپ.

بىر يىپ بار ئارىدا، بىر ئىلاھى يىپ،
ئۆز ئارا قالغانمىز مەھكەم باغلىنىپ.
بىلمىدىم بەزىدە بۇ يىپ سېھرىنى،
بۇ غاپىل يۈرىكىم كەتتى داغلىنىپ.

تاش ئاتتىم ئۇنىڭغا تۇتقاندا سەۋدا،
تەلۋىلەر سېپىگە مەرگەن تاللىنىپ.
يېڭىلىپ بىر ئاتقان شۇ تېشىم ئۈچۈن،
ئىشلىدىم ئۇنىڭغا مىڭ يىل ياللىنىپ.

شائىرنىڭ كۆڭلىدىن زىل ئۇنىڭ كۆڭلى،
بىر تال خەس تۇرىدۇ مىڭ كۈن ساقلىنىپ.
قىساسى بەر ھەقتۇر قىڭغىر قەدەمنىڭ،
گۇناھتىن كەتمەيسەن ھەقسىز ئاقلىنىپ.

ئاجايىپ كۈيلەرنى ئىلغاپ ئالسەن،
تۇرغاندا ھەمىشە ئۇنى يادلىنىپ.
باغرىڭنى باغرىغا ياقىنا قىنى،
كېتىسەن قۇياشقا دەرھال ئاتلىنىپ.

شۇ تاپتا قولاقتا دېدى بىر سادا:
- پەرىشان بولمىغىن يەنە داتلىنىپ.

تەبئەت خۇدامۇ، ئانىمۇ، قىزمۇ،
بەرگىنىم بىر ئىدى ياندى قاتلىنىپ.

4

يار ئاتلاندى، مەن قالدىم تەنها،
يەل ئاتلاندى، سەن قالدىڭ ئۆزۈڭ.
سېنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمەن دېسەم،
بۇ گېپىمنى تەن ئالدىڭ ئۆزۈڭ.

ئىشقىڭ يامان ئەجەپمۇ سېنىڭ،
بېسىلمايدۇ بىر دەم ئوتلىرىڭ.
(شاھ بولىمەن دېسەڭلار ئەگەر،
چىڭ دەسسەڭلار ئۇنى دوستلىرىم.)

چېچەكلەيمەن هامان هەر كۈنى،
باسار مېنى سۆيگۈ كەلكۈنى.
تاڭدىن كۆرەر روهىمنى پاكىز،
بۇ زېمىنىنىڭ زۇغۇي ئەلكۈنى.

سەن ئېرۇرسەن سولماس يىلتىزىم،
سەن ئېرۇرسەن چاقناق يۇلتۇزۇم.
كېچىلەرنى بىلمىدىم زادى،
سەن ئېرۇرسەن ئاپئاق كۈندۈزۈم.

پىچىرلىشىپ ياتمايمىز دىلدار،
قېنىمىزغا پاتمايمىز دىل نار.

گەر بولسىمۇ خۇدا ئالارمەن،
بىر-بىرىمىزنى ساتمايمىز زىنھار.

ئايرىلمىسا سەندىن تاپىنىم،
بولار قۇياش تونۇ چاپىنىم.
قۇدرەت دېگەن مەندە بولمامدۇ،
تىلغىۋىتەر تاغنى ساپىنىم.

1992-يىل 1-ماي، ئۈرۈمچى

# مەن ساڭا بەردىم بىپايان دېڭىز...

1

ھەممىگە كەسىرسىز بۆلۈنگەن كۈلكەڭ،
ھەيرانمەن يەنىلا يەتمىدى ماڭا.
يوق بەلكىم جاھاندا بىردىنبىر ئۈلگەڭ،
نېمىدەپ مۈڭ تۆكسەم بولاركىن ساڭا؟

سەزگۈمنى باشلىدىڭ پىنھان ياقلارغا،
ئىلكىڭدە مىڭ ئېرۈر بىر رەنا پەقەت.
ئادەملەر بۆلۈنگەن جۈپۈ تاقلارغا،
جۈپلۈكۈم نىسپىدۈر، تاقلىقىم مۈتلەق.

ئۆگەتتىڭ گۈللەرگە ئىپار چېچىشنى،
ئۈپۈقمۈ سەن كەبى كەتتى يالتىراپ.
ئۆگەتتىڭ تاڭلارغا ئىشىك ئېچىشنى،
يولۈڭدا مەجنۈنتال كەتتى قالتىراپ.

ئىزىڭنى سىنتاش دەپ ئۈپۈشتى يەللەر،
گۈزەللىك بەرھەقكى، يەللەرمۈ بەرھەق.
سېنى پىر دېيىشتى توققۈزى تەللەر،
(نېسىيدىن ئۈلۈغدۈر بۈ پانىيدا نەق.)

سېھىرگە سېخىيسەن، مېھىرگە بېخىل،
مېھىرسىز، سېھىر يەپ چەكتىم كۆپ پىراق.
ئىزدىگەن يېرىمدىن بەندە بوپ تېپىل،
تەڭرىگە ئايلىنىپ يىتمىگىن بىراق.

2

ياشاپمۇ تۇرىمەن، ئۆلۈپمۇ ھەمدە،
كۆكەرگەن بەرگىم بار، قارايغىنى ھەم.
بولىمەن تەڭرىمۇ، بولىمەن بەندە،
كېڭەيگەن يولۇم بار، تارايغىنى ھەم.

ئالڭۇنغا ئالدىنىپ قالىمەن چۆلدە،
قالغاندا لەۋلىرىم چاك-چاك يېرىلىپ.
گىياھتا تېنىگەن بىر تامچە سۆلدە،
كېتىدۇ كۆڭلۈمگە تاغلار سىرىلىپ.

ياغىدۇ بېشىمغا سۆزلەر يامغۇرى،
ھودۇقۇپ قالىمەن بولسىمۇ بىر دەم.
لېكىن يوق ئۆسەكنىڭ قىلچە ماغدۇرى،
سايىلەر دەر ئۇنى شەرمەندە شەپەم.

ھەننىۋا گۇناھتىن ئۆتەرمىش خۇدا،
بولارمىش دىللارغا يەتمىسە ئازار.
مەن بۇگۇن رەنجىدىم نەچچە رەت ئۇدا،
بۇنى كىم قەيەردە، قانداقچە يازار؟

ۋەدىلىك تۇرغۇچقا بارالمىدىم مەن،
ئېھتىمال يارىمنىڭ تېشىلدى كۆزى.
ۋەسلىگە ئوت بولۇپ تارالمىدىم مەن،
بۇ دېمەك كەلگۈلۈك، ئاپەتنىڭ ئۆزى.

خېلى مول تەڭگەم بار دەملەردىن پۈتكەن،
جايىدا خەجلەيمەن، خەجلىمەيمەن ھەم.
جايىدا خەجلەنسە ئۆمۈر يوق يىتكەن،
ئەكسىچە، ئۆلگىنىم، تاپقىنىم بەرھەم.

تەھلىكە سەزسە گەر بىردىل، بىر ۋۇجۇد،
يوللاردا مېڭىشىم، ئۆمرۈم تۈپەيلى.
بۇ ئەجەل ئۆيۈمگە كەلگەن ئۇشتۇمتۇت،
قۇيۇچتىن قۇيۇلغان ئەسلى خۇي-پەيلى.

ئۇگۇتلەر ئالسامۇ يېقىش ھەققىدە،
ياقتۇرماس دىللارغا كەلمەيدۇ ياققۇم.
جىلۋىلەر يانسىمۇ ئوتتەك سەتھىدە،
ھەسەتلىك كۆزلەرگە كەلمەيدۇ باققۇم.

تەبىئەت باغرىدا باردۇر كۆپ ئاپەت،
يېرىلىپ كېتىدۇ ھەتتاكى زېمىن.
ئۇ ئادەم، ئەجرىدىن يېڭىلاپ قامەت،
قايتىدىن ياڭرىتار جاراڭلىق گېمىن!

دىللارنىڭ ئەمرىدىن يارالسا ئاپەت،
قايسىبىر مەلھەملەر ئەم بولار ماڭا.

دىللاردىن دىللارغا چۈشكەن جاراھەت،
ئۆلۈمنى توغرىلاپ قويدۇڭمۇ ماڭا؟

3

قىرچىنتال ئوغلىدىن ئايرىلدى ئانا،
يۈرىكى دەريا بوپ ئاقتى كۆزىدىن.
ھېسابسىز ھەسرەتلەر ئەپكەلدى قازا،
ئايرىدى ئۆزىنى قىسمەت ئۆزىدىن.

ئۆكۈنۈش ئىلكىدە ئۆتىدۇ كۈنلەر،
ھەركۈنى، ھەر دەمدە بىر ئارمان قىلىپ.
تەكىيدە سۇ تۈتۈپ ئۆتىدۇ تۈنلەر،
چۈشلەرنىڭ شەرتىنى بىر پەرمان قىلىپ.

كەتكەنگە ئىشەنمەس ئانا ھېچقاچان،
ئىشقىلىپ كېلىدۇ دەيدۇ خىيالى.
ھەر ئىشنىڭ يولى بار ئىدىغۇ سۇبھان،
تولۇنمۇ بولمىغان تېخى ھىلالى.

مەخمەلدەك پەردە ئېپ چۈشكەندە ئاخشام،
ئېچىلسا ئىشكى غىچىلداپ قىيا؛
كەلدىمۇ ئوغلۇم دەپ سۆيۈنگەن بىر ئان،
دىلىغا ئۈنىدۇ مىڭ مېھرىگىياھ.

ئۇ سىزغان رەسىمدە سۆزلەيدۇ ئورمان،
دەريالار كۆۋەجەپ، كۆللەر قاقاھلاپ.

ئانا دەر تولغان ئاي ئۆرلىگەن ئاسمان،
ئانا دەر يۇلتۇزلار تىنماي چاراقلاپ.

كۆچىمۇ ئۇپۇقلار يوقلۇقتا تامان،
يوقالماس خاتىرە، ئۇبىر كارامەت.
بەدەلسىز سۆيىدۇ ئانىلار ھامان،
ياشىسۇن روھتىكى تالماس پاراغەت.

4

بىر دوستۇم بار ئىدى ئۇن سەككىز ياشتا،
بىردىنلا بىرىگە قالدى ئۇ كۆيۈپ.
تۇرامدۇ ئەقىل يا مۇھەببەت باشتا،
بىلمىدىم، ياشىدى سۆيۈلمەي سۆيۈپ.

تۆزدى ئۇ «مازاق ۋە خورلاش» لىرىغا،
دېيىشتۇق ئۇمىد ئۈز، ئۇندىن نەرىڭ كەم.
چىدىدى سەۋدانىڭ مورلاشلىرىغا،
نېمىدىن پۈتكەنكىن ئۇندىكى چىدام.

سۆكىمىزمەشۇقنى كۆڭلى يانار دەپ،
(گۇناھلىق ئەتمىشنى كەچۈرگەي ئىگەم!)
ئۇ كۈلەر سۆيۈنۈپ قەلبىدىن ھەدەپ،
ۋە دەيدۇ: يېشىلمەس چىگىلگەن چىگەم.

ئاسمانغا چىقىدۇ ئۇ بىر پەرىزات،
قانىتى تۆككەن پەر قىيقىنۇس ماڭا.

ئۇلۇغلا يارىڭنى ئايانماي ئەي زات،
يالىنى دۈشمەنلەر چاپلايدۇ ئاڭا.

كۆزىدىن ئاقسا ياش قىلىپ يار ئىسە،
مەرۋايىت دەيمەنۇ تىرىپ ئالىمەن.
يالقۇنۇڭ تاڭلارغا ئوخشامدۇ دىسە،
شۇ ھامان يۇرەكنى يىرىپ ئالىمەن.

ئەقىدە ۋەسلىدە ھىساب يوق ھامان،
تىگىشىش ئەمەس ئۇ، ئەمەستۇر ئەبەد.
سۆيمىسە سۆيگەن يار بولسۇنچۇ ئامان،
بىزدىكى سىھرىي كۈچ شەرتسىز مۇھەببەت.

5

بىر يۇلتۇز جىمىرلاپ قالسا ناۋادا،
پارلىدى بىر چولپان دەيمىز زوقلىنىپ.
چاۋاكلار ساداسى ئۇچۇپ ھاۋادا،
قالىمىز ئاجايىپ قوۋناپ، شوخلىنىپ.

چۇچۇلۇپ كۆڭلەكنى كۈلسە بىر غۇنچە،
شەرەپلەر بىرىمىز ئەسلى-نەسلىگە.
سۆيۈنۈش چاقنايدۇ گوياكى ئۇنچە،
سۆيگۈلەر چاچىمىز گۈللەر ۋەسلىگە.

ۋالىلداپ قالىدۇ گاھى شىشە تاش،
كۈمۈشتەك نۇرلارغا باغرىنى يىقىپ.

يېنىشتىن كۆزلەردە يالتىرايدۇ ياش،
خۇشتارلىق سۇيىدە كېتىمىز ئېقىپ.

كۆكلەم كەپ بىر تۇندە، بىر دەقىقىدە،
ۋىللىدە بىخ يېرىپ قالىدۇ گىياھ.
(ئۇ بەلكى تەققاستۇر چىن ئەقىدىگە)
ۋە ياكى مۆجىزە، بىر مېھرىگىياھ.

ئۇلۇغلاپ كېتىمىز يانغان ئوتلارنى،
تەڭداش دەپ يۈرەكنى تەڭلەيمىز ئاڭا.
مەشەگە كەلگىچە ئالدۇق قۇتلارنى،
ساۋابلار يېزىلار ساڭا ۋە ماڭا.

كېلىدۇ جۇت، ئاپەت ۋە شۇندىن كېيىن،
ئىككىمىز ھەققىدە سۆز بولغان مەھەل.
زامانداش ياشايمىز، تەن ئالماق قىيىن،
ئۆزئارا تەنلەردە يانسىمۇ مەشئەل.

ئىككىمىز يانىمىز، يانساق مۇبادا،
بايىقى يانغانلار قالىدۇ يىراق.
زامانداش ياشايمىز ئۇشبۇ دۇنيادا،
ئۆزئارا پارلىدۇق دېمەستىن بىراق.

6

مەن ساڭا مۇھەببەت بەردىم كېيىك كۆز،
سەنمۇ ھەم مۇھەببەت بېرىشىڭ كېرەك.

بۇ ئەمەس مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان سۆز،
ئالەمنىڭ كارىدىن بېرىدۇ دېرەك.

مەن ساڭا بەردىم بىر نازۇك چىمەننى،
ھەر گۈلى بەرگىدە پارلايدۇ مەيلىم.
جەننەتتەك باغلارنى-دىلبەر لېۋەننى،
مۆھۈردەك باسىدۇ لېۋەن خۇي-پەيلىم.

مەن ساڭا بەردىم بىر ئېسىل كائىنات،
يۇلتۇزى يۇلتۇزدىن، كۈنى كۈندىن ئۈز.
مىڭ زەررە نۇرۇڭدىن بىر زەررە ئۇزات،
ئۇمۇنسۇن ئۇدۇملار، ئادەتلەرنى بۇز.

مەن ساڭا بەردىم بىر بىپايان دېڭىز،
ھەر دولقۇن باغرىدا يانار بىر قۇياش.
پۇتۇمدا كەشىم يوق دەسسەتمە ئېڭىز،
يىپىنى ئۈزمىسۇن كۆزلىرىمدە ياش.

مەن ساڭا بەردىم بىر ساماۋىي دۇنيا،
ھوش يەتمەس ھېكمەتلەر قىر-قىر ۋە پەۋەس.
ئارىدا شاھتۇرسەن سەن ماڭا گويا،
ئالەمدە ھۆكمى ئۇق، ئەمرى مۇقەددەس.

قەدرىڭگە ئاتالغان ئالەملەر كۆپتۇر،
قالسىمۇ ئۇلارنىڭ سىرتىدا جايىم.
نىگاھىڭ چۈشمىگەن گۈل-چېچەك چۆپتۇر،
كەلمىسەڭ كېلىدۇ قىيامەت قايىم.

مەن ساڭا مۇھەببەت بەردىم كىيىك كۆز ،
سەنمۇ ھەم مۇھەببەت بىرىشىڭ كېرەك .
قەسەم بوپ يۆنەلگەن بىزدە ھەر بىر سۆز ،
يا ئەجەل بىرىسەن ياكى بىر يۈرەك .

7

كۇندۇزگە كېچىنى بەرگەندەك ئىگەم ،
مەن ساڭا جېنىمنى بەردىم ئامرىقىم .
ئالتۇندەك چورتانلار ئۈزگەن دېڭىزدا ،
چىرىگەن لەشلەرنى ئىلدى قارمىقىم .

تولۇن ئاي يۇزىگە بەرگەندەك داغنى ،
مەن ساڭا كۆڭلۈمنى بەردىم جانانىم .
پارلىغان ئاپتاپلار مۆكۈندى نەگە؟
تېخىچە پىشمىدى غورا بانانىم .

قاراڭغۇ باغلارغا بەرگەندەك بوران ،
مەن ساڭا سۆيگۈمنى بەردىم دىلدارىم .
چاقىقىغان لېۋىمنى باستى ئاق توزان ،
زارلىدى ، زارلىماي كەلگەن زىلتارىم .

چېچەكلەر پەسلىگە بەرگەندەك جۇدۇن ،
مەن ساڭا بارىمنى بەردىم پەرىشتەم .
يېشىملەر تەگرىسى بەرمىدى يېشىم ،
تۇگۇنگە قاپلاندى ئەشكەن سەررىشتەم .

ئاسمان ۋە زېمىن بوپ ياشاپ كېلىمىز،
سوئالىم جاۋابسىز، غالىپ سوكۇنات.
چوققىدا سەن يۈرسەڭ، ھاڭدا مەن يۈردۈم،
ئىنتىلىش، ئۈمىدتۇر شۇڭلاشقا ھايات.

8

ھېسابسىز بادامىلارغا يولۇققان ئىدىم،
سېنىڭ ئاشۇ تەكرارلانماس كۆزلىرىڭدە.
مانا ئەمدى زەھەر-زۇقۇمنى تويغۇچە يېدىم،
سېنىڭ پەردەك يۇمشاق سۆزلىرىڭدە.
مەن ئۆلۈم بەرگەن نەرسىگە سەن ھايات بەردىڭ،
ئاپتاپ چاقناپ كەتتى ئاپتاپ يۈزلىرىڭدە.
كۆڭلۈم سۇندى قاراسلاپ، قايرىلدى رايىم،
شەپقەت يوقمۇ، ئېيتقىنا، ئەي ساھىبجامالىم
ئۆيۈڭدە بولمىسىمۇ تالا-تۈزلىرىڭدە.
تەگدى يۈرەككە رەشكىنىڭ شىپاسىز ئوقى
تېگىپ قوي ئۇنى تاۋاردا ئەمەس ماتا ياكى بۆزلىرىڭدە.
سۈرۈلۈپ تاپاندىن ھەلقۇمىمغا كەلدى بۇ جېنىم
قايتۇرۇش ئۇنى جايىغا ھېچنەدە ئەمەس، كۆزلىرىڭدە.
تاش ئۈستىدە تاغدەك ئېغىر ئىبادەت قىلىپ
خۇدالىق ئالدىم سۆزلىرىڭگە ئەمەس كۆزلىرىڭگە.

1992-يىل ماي، ئۈرۈمچى

## ئۈچرىشىش

تۇيۇقسىزلا بىر سەپەر چۇشۇپ بېشىمغا،
ۋەھىمىلەر جابدۇنۇپ يېتىپ كەلدى قېشىمغا.
ئاق بولارمۇ بۇ يولۇم، نېمە بولار قىسمەت دەپ،
سەزگۈرلۈكۈم سەرىمەس زەھەر قوشتى ئېشىمغا.

يېشىلمىدى تۈگۈنلەر، يوق تېنىمنىڭ ماجالى،
زەھەر يېگەن ئادەمنىڭ نېمە بولۇر ئەھۋالى.
بولدى ئەپسۇن چەمبىرى چىڭ ئورىلىپ مېڭەمگە،
قۇرقۇنچاقلىق شەك-شۈبھە، گۇمانلارنىڭ قامالى.

گۈگۈم چۈشكەن بىر پەيتتە، كەيپىڭ يەنە شۇ كەيىپ،
كوچا بويلاپ كېلىمەن (سانالمايدۇ بۇ ئەيىب.)
ئەگەر تونۇش ئۇچرىسا سەپىرىم ئوڭ، يولۇم ئاق،
ئەكس ھالدا چاتاق دەپ تىكلىنۋالدىم بىر تەرەپ.

خۇشاللىقتا تۆرىلىپ، ئەندىشىدە ئۆلىمىز،
ئەندىشىدە تۇرغاندا، سورۇلىدۇ كۆلىمىز.
تاغ بوپ باسسا ئەندىشەڭ، زار بولىسەن ئۆمۈرگە،
ئۆمۈر ئىزدەپ ئۆمۈردە تەلەي سىناپ كېلىمىز...

شۇ ئەسنادا دۆڭ كۆۋرۈك يورۇپ كەتتى تۇيۇقسىز،
كەلمەكتىدى سىنىڭدەك ئاق ياغلىقتا ئايئاق قىز.

يېقىنلىدىڭ، قارىسام، سەن ئىكەنسەن پەرىشتەم،
قۇياش كېلىپ يۇرەكتىن ئالسۇن ئەمدى جۇپ ئەندىز.

ئەندىشىلەر تارالدى يۇرەك ئەمدى تۇپتۇزۇك،
خاسىيەتلىك ئىكەنسەن ئەي دۆڭ كۆۋرۈك، دۆڭ كۆۋرۈك.
سەندە ماڭا يولۇقتى ئاپئاق ئەتە، ئاپئاق پال،
ئاپئاق بۇلۇت، ئاپئاق تاڭ، ئاپئاق يۇلتۇز، ئاق ئۆرۈك.

ئاق يول جەزمەن سەپەر دەپ سىڭىپ كەتتۇق كېچىگە،
كېچە ئەمەس تەڭداشسىز ئامەتلەرنىڭ ئېچىگە.
جەننەت بولار ئالەمدە مانا بۇنداق ئۇچرىشىش
پەرى قىلىپ كۆرسەتكەن ئەتىلەرنى كىشىگە.

1993-يىل 15- يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئۆكۈنۈش

تەنتەك بوپ يېتىلدىم پەرھىزنى بىلمەي،
ئاپتاپنى كۆرمىدىم، يۇردۇم سايىدا.
غورىلار چىللايدۇ جاملىرىدا مەي،
ۋە لېكىن بارمايمەن ئۇنىڭ رايىغا،
سەن بەرگەن ئەتلىرىم شاخلاردا قالدى،
ئانىجان يۇرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

جاڭگاللار ئىچىدە تالاي ئاداشتىم،
پاراسەت يەتمىگەچ تېخى ۋايىغا.
تاغلاردا يول بىلەن سۇرئەت تالاشتىم،
خىرىس قىپ سامانىڭ ھىلال ئايىغا.
سەپەردە يىقىلدىم ئاغزى-بۇرنۇم قان،
ئانىجان يۇرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

ئېزىتقۇ سوڭىدا ئازدىم كۈن بويى،
كېچىلەر قوينىغا سىڭدىم جىمجىتلا.
سەن ئۈيقۇ كۆرمىدىڭ تالاي تۈن بويى،
كۆزۈڭ ۋە ئىشىكلەر ئۈچۈقتۇر قىيا.
گەر ئۆلسە ئانىلار ئۆلەر بالىدىن،
ئانىجان يۇرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

تۇسۇن بىر تۇيغۇلار ئالدى مەيلىمنى،
شەيتىنىم ئىمانغا قوشتى خوپ رىيا.
ۋەسۋەسە بەلگىلەپ بەردى پەيلىمنى،
ئالدىمدا قول بۇلغار تىلسىمات قىيا.
جىلۋىلەر باغرىڭدىن ئايرىدى مېنى،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

مىكىرلىك قايىناملار يالمىدى مېنى،
بىر لەيلەپ، بىر چۆكتۈم سەزگۈم بارىدا.
چۇشلەرنىڭ مۇلكىدە كۆردۈم مەن سېنى،
ياتقاندا بىھوش بوپ غەپلەت غارىدا.
روھىمنى چاقىرىپ باقتىڭ يۇلتۇزغا...
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

ھەسرەتلەر تارايتتى مەن يۈرگەن يولنى،
مەن نىشان بىر ئوققا رەقىب ياسىدا.
گال پىچاق بەك ئوڭاي كېسىدۇ قولنى،
يالغۇزلا قېپقالدىم ۋاپا سايىدا.
بەك بايقۇش كۆرۈندۈم كۆزۈڭگە شۇ چاغ،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

دۈشمەنلەر ئاغزىدا سېغىز ئېۋەنىم،
يۈز ئاچار نىيىتىم قىشنىڭ قارىدا.
دىل ۋە تىل بىرلىكى يوق دەر لېۋەنىم،
ھەستىرىم جاراڭلار سازلار تارىدا.
مېۋىسىز ئەجرىمگە تولغاندىڭ كۈر مىڭ،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

ئاشىقمەن بىرىنىڭ كېيىنك كۆزىگە،
ئۇلغايسۇن پەرۋازلار دىللار كارىدا.
ئۆزىنى كۆرسەتتىم يارنىڭ ئۆزىگە،
تۇرسامۇ ۋە لېكىن يارنىڭ دارىدا.
سارغايغان رەڭگىمدىن قىلىسەن نالە،
ئانجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

بالاڭ بوپ تۇغۇلۇپ بالا بولدۇممەن،
مەن تازا قارا يۈز سەن بىر قارىدا[1]
تاڭلارنىڭ نۇرلىرى ۋۇجۇدۇڭغا تەن،
تۇرىسەن مەن ئۇچۇن ئەجەل يارىدا.
دەرد بولۇپ تارىدىم تومۇرلىرىڭغا،
ئانجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

توپان سۇ باسماقچى ئىمىش دۇنيانى،
باسماسىمىش تۇرۇپسەن چۇنكى ئارىدا.
بىر ئەللەي تۇغار مىڭ بۇلبۇلگويانى،
ئاپەتلەر كۆل بولار ۋەسلىڭ نارىدا.
كۆزۈڭدىن باشلىدىم نەچچە دەريانى،
ياشلىرىڭ لەڭ ئۇردى تالاي دارىدا.
ئۇلۇغسەن، بىلمىدىم ئۇلۇغلۇقىڭنى،
ئانجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

ياغلىقلار توقۇيدۇ ساڭا بۇ قۇياش،
ئالتۇندەك شولىدىن پۈتكەن شايىدا.

① قارىدا— مېھرىبان، ۋاپادار، شەپقەتلىك مەنىسىدە

ئالەمدە بىر ساڭا تەڭرىلا تەڭداش،
ھەر ئىزىڭ بىر مەككە يولدا، پايىدا.
مەككە دەپ ئۆلمەككە قىلدىم قەسەمياد،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟ . . .

1992-يىل 31-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## قىيا تاشتىكى سۈرەتلەر...

شۆھرەتنى دارغا ئاس، تامانى تامغا،
ئۆلۈمدەك بىلىنسۇن بەرمەستىن ئالغان.
مەر مەردەك نىيەتلەر جان قوشار جانغا،
جېنىڭنى ئالىدۇ زەررىچە يالغان.
قۇلىسىنىش سۇقۇشۇپ تۇرىدۇ قانغا،
قارا يۈز قوپىدۇ لەنەتكە قالغان.

يېتىدۇ ئۆمرۈمگە خاتا بىر قەدەم،
بىر تەننى تۇگەتكەن كەبى بىر تال ئوق.
ئۆزەكسىز نەرسىلەر تاڭدىكى شەبنەم،
قامغاقىا شامالدىن ئۆزگە خۇدا يوق.
ئۆڭمىگەن ئارچىلار ئەبەدىي بەردەم،
كۈن سۆيگەن كۈندۈزنىڭ يۈزى يوپيورۇق.

قارارسىز بوياقلار ياقماس كۆڭۈلگە،
بىخ يارماس ۋەدىلەر قاناتسىز ھامان.
ھەرىلەر يولىماس شەربەتسىز گۈلگە،
جانبازلار ئىلكىدە جاناندۇر جاھان.
تىترىگەن مەيىللەر باراۋەر كۆلگە،
زەردىن رەڭ ئالىسمۇ ساماندۇر سامان.

ھاياتتا يىللار كۆپ، ھېكمەتلەرمۇ كۆپ،
ھودۇقۇپ قالىسەن قايسى خوپ، بىلمەي.

دورىساڭ، چۆچەكتە يەپ قالىسەن چۆپ،
ياراتساڭ، لىپمۇلىق ئالتۇن جامدا مەي.
قۇمدىكى يىپىنقلار كېتىدۇ ئۆچۇپ،
مېنى بىر ئەۋلىيا يازدى ئاھ، دېمەي.

ھەر كىمنىڭ ناخشىسى ئۆز ئۈنى بىلەن،
ئۆز يولى ئۇپۇققا تۇتاشقان جەزمەن.
ئىزدەيدۇ زۇغۇيلار كۇندىنمۇ ئېۋەن،
ئۆمۈرنىڭ دەل ئۆزى-نۇرلاردىن بەزگەن.
ھەسرەتلەر تۇغۇشىز ئاجىزلارغا تەن،
ئالۋۇندىن ئاي ئىزدەپ ئالەمنى كەزگەن.

ئۇنتۇلماس ھېچنېمە ئۇشبۇ ئالەمدە،
ئۇنتۇغاق يارالغان بولسىمۇ ئىنسان.
تولغانغان بىر تال قىل، يانغان بىر زەررە،
قالمايدۇ كۆمۈلۈپ، قالمايدۇ پىنھان،
تۇزكورنىڭ تېنىگە تەگكەن مىڭ دەررە،
دىلىغا قۇيالماس بىر زەررە ئىمان.

قىلغىنىم قىلغانغۇ دېمە ئەي قاياش،
بىر تىلسىم كۈچ-قۇدرەت بولسىمۇ سەندە.
تاغ بولۇپ چۆشىدۇ كۆككە ئاتقان تاش،
ئۆچسە رەڭ رەڭۋازلار ھامان شەرمەندە،
كۆلكىگە ھامىلىدار كۆزدىن ئاققان ياش،
گۈل ئەكسەڭ گۈل ئۈنەر جەننەت چىمەندە.

1992-يىل 15-ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## پەرىشتە پۈتۈكلىرى

1

باشلاپ كېتەي مەن سېنى پەرىشتىلەر يېنىغا،
ئالماشتۇراي جېنىڭنى پەرىشتىنىڭ جېنىغا.
سەن پەرىشتە، بىز ئىنسان، ھەممىمىزدىن ئېگىز ئۇچ،
سۆيگۈ قوشۇپ قوي جەزمەن قۇياش-ئاينىڭ قېنىغا.

پەرىشتىلىك دالجىيدۇ بەندىچىلىك باسقاندا،
كۆزلىرىڭگە قارايدۇ ئاسمان چىراغ ئاسقاندا.
ئىشىكىمدىن كىرمىسەڭ، دېرىزەمدىن كىرمەيلى،
چاچلىرىڭدەك قارا تۈن-قايغۇ كېلىپ باسقاندا.

يېنىپ تۇرار پەرلىرىڭ قاناتلىرىڭ چېقىنىمۇ؟
پەرىشتە بوپ تۇرغاندا، جېنىڭ ماڭا يېقىنمۇ؟
قانىتىڭنى تەگكۈزمە غۇرۇلاينىڭ پەرىگە،
ھەر دەريادا ئاققىلى سۆيگۈ دېگەن ئېقىنمۇ؟

2

يانغىنلار ئۆچىدۇ، تاغلار كۆچىدۇ،
ئەس كېچەر ھەنىنىۋا ئىزنادىن ھەتتا.
چۆكمىگەن چوققىلار ھامان چۆكىدۇ،
يېڭىدۇ ھەممىنى يىللارلا ھەتتا.

ئالەمنىڭ ھېكمىتى شۇنداق، ئەي سەنەم،
بىر ساڭا كەلگەندە باشقىچە ئەمما.
ئېسىمدىن چىقمىدىڭ بىر دەقىقە ھەم،
دېمەك، سەن ۋە سۆيگۈ ئۆزگە مۇئەمما.

3

پاكلىقى يوق ئۆيلەرگە پەرىشتىلەر كىرمەسمىش،
ئۆلچەملەرنى بۇزۇشمۇ چوڭ بىر گۇناھ، بىر نەس ئىش.
قېقىنۇسلار قونمايدۇ دەرەخ چىنار بولمىسا،
خاتا قەدەم ئەبەدىي شىپا تاپماس ئاغرىق چىش.
قۇرۇم باسقان ئۆيلەرگە كىرىپ قالساڭ ناۋادا،
چېچەكلىرىم جۇدۇندا، كۆكلەملىرىم قارا قىش.

4

ئالدىدىڭ، ئالداندىم، ئالدىنىپ ئۆتتۇم،
نەقەدەر شېرىن بۇ، نەقەدەر دەھشەت.
ئالداشنىڭ تونىنى سالدۇرغىنىمدا
دېدى ئۇ مەن ئۆزۈم ئۇندىكى مەقسەت.

يىلانلار چىرمىشىپ ياتىدۇ ئۇندا،
ۋالىلداپ تۇرىدۇ تېرىلەر پەقەت.
زەھىرى تېنىمگە تاراپ كېتىپتۇ،
مەن تېخى دەپتىمەن ئۇنى مۇھەببەت.

5

تىغ تەگكەن يېرىڭدىن تىرقىرايدۇ قان،
مېتىنىنىڭ زەربىدىن پەرياد چېكەر تاش.
گۇگۇمنىڭ پەردىسى ئېسىلغان ھامان،
قاپقارا رەڭ تۆكۈپ يىغلايدۇ قۇياش.

كۆڭلۈمدە مىڭ دەز بار ھەمدە مىڭبىر تار،
تېگىپلا كەتتىڭمۇ چىقار ئاۋازى.
بىر تىكىپ، بىر سۆكەر دەزلەرنى دىلدار،
تارلىرىم يوقالماس مۇھەببەت سازى.
يۈلۈمنى جىن توسسا كۈيلەر پەرىشتەم،
دەردلەرنى ئېرىتەر ئىلاھىي نازى.

6

بالا دېدىم يېنىپ پۈتتى پۈتمەس يۈرىكىم،
بالا دېدىم ياندى كۈندەك يارقىن تىلىكىم.
مەڭزىدىكى ئانارىنى سىيپاپ ئۆتسە يەل،
دۇشمەن دېدىم شىمايلاندى ئاڭا بىلىكىم.

بالا دېدىم ئالىقىنىمغا پاتتى بۇ دۇنيا،
بالا دېدىم ئوقلىقىممۇ تۈگەپ بولدى يا.
كۆيگەنلىرىم، يانغانلىرىم تاماشام ئېرۇر،
ئامان كېتىپ، ئامان كەلسە شۇ بۇلبۇلگويا.
تەڭرىم سەندىن تىلىمىدىم ئۆزگە ھېچنېمە،
باللارغا بەرمە بالا، بىزلەرنى ئايا!

7

سېنى دەپ ئۆزۈمنى ئۆلتۈردۈم تالاي،
شاھ ئىدىم، دەملەرگە ئەمدى مەن مالاي.
تەڭرىمىز سۈناقتا ھايات ۋە مامات،
ئېيتقىنا پەرىشتەم قايسىنى ئالاي؟

ھاياتنى ئال دېسەڭ، تىلسىمات ساراي،
ئاچ قېنى باغرىڭنى باغرىمنى سالاي.
تۈگىگەن ۋاقىتتەك تۈگىسۈن دەردلەر،
يەنە مەن يىگىتمەن يېنىڭدا قالاي.

8

يېپىشقاق قىسمەتتىن ئايرىلالمايسەن،
ئارچىلار غەيرىتى پۈتمىدى ساڭا.
باغلانغان يېرىڭدىن قايرىلالمايسەن،
ھەتتا ئاي كۆزنەكتىن قايرىلدى ماڭا.

سەلكىنىدە تىترىگەن ياپراقسەن گويا،
كىملەرگىن روھىڭنى ئېپكەتكەن باشلاپ.
ئەيمىنىپ باقىسەن نۇرغىمۇ قىيا،
كېلىسەن بەختىڭنى يىراققا تاشلاپ.

قورقمىغىن، ھېچكىم يوق، كەينىڭگە قارا،
كەلگىن دەپ تەلپىنىڭ تۇرار قول بولغاچ.
باق، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر رەت ئەل ئارا،
ئالسۇن بىر قەلبىڭنى سۆيۈنۈش چولغاپ.

بېشى ھەم بولغاندەك ئاخىرى ھەم بار،
قەرز دەپ بېرىلگەن بىزگە ھاياتىنىڭ.
پۇشايمان ھەمىشە قان ئالغۇچى دار،
ئۇۋى سەن بەربىر ئوۋچى ماماتىنىڭ.

تەڭرىنىڭ ئەمرىنى باسما ئاياغقا،
يۈرەكنى ئېچىۋەت، كۆڭ ئاستىغا قوي!
تېڭىلما ھەرگىزمۇ تاش بوپ تاياققا،
سۆيگۈنىڭ قۇلى بول، كەۋسىرىگە توي!

9

ياپراقلار ئاستىدىن چىقىپ كېلىسەن،
ياپراقنى ۋە مېنى باستى گويا سۇر.
زۇلمەتنىڭ باغرىنى تىتىپ كېلىسەن،
ھەر باسقان ئىزىڭدا ئۈيۈپ قالدى نۇر.

ياپراقلار تاڭ قالدى تاڭدەك ۋەسلىڭگە،
ۋە قالدى سەن بىلەن تاڭلارنى سۆيۈپ.
زار تۇرسا كۆكلەملەر كۆكلەم پەسلىڭگە،
كۆل بولماس كىملەرمۇ ئوتۇڭدا كۆيۈپ.

كۆل بولدۇم كۆل بولغان جانلار قاتارى،
ئەسسە يەل ناۋادا چۈشمەن نەگە؟
مىڭ مۇقام دەر سېنى سۆيگۈمنىڭ تارى،
(ئەي، كاۋاپ يۈرىكىم دەردىڭنى تەگە!)

تىرەكلەر ئېگىلدى يوللاردا ساقا،
قويمايسەن ئەمما سەن ھەرگىز ئېگىلىپ.
يۈرىمەن (تۈگىمەس قىسمەتمۇ ماڭا؟)
ئېگىلمەس بويلارغا مەھكەم چېگىلىپ.

ياپراقلار ئاستىدىن چىقىپ كېلىسەن،
يىپەكتەك شولىلار يېيىپ ھەر شاخقا.
جەننەتكە ئايلانسا سەن تۇرغان بوشلۇق،
ئايلاندى تەنلىرىم نازۇك ياپراققا.

ياپراقلار ئاستىدىن چىقىپ كېلىسەن،
قىپ گويا جېنىمنى ياپراق ۋە ياپراق.
زۇلمەتنىڭ باغرىنى تىتىپ كېلىسەن،
سەن-ئۇپۇق، سەن-شولا، سەن-قۇياش، بايراق.

10

سۇدەك دەۋرەپ ئاقىدۇ ئاپتوبۇسلار،
ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈپ يوللار ئارا.
ئاپتوبۇستا بار تېخى ئالتۇن قىزلار،
يۇلتۇز قارا، ئاي قارا، قۇياش قارا.

ئاپتوبۇسقا كۆپ قاراپ كۆزۈم تالدى،
مەن ئىزدىگەن كۆزلەر يوق ئەتتەك يەنە.
بىرىنچى ۋە بىر يۈز بىر نۆۋەت ئالدى،
(ئۇمۇنۇشنىڭ ھەسرىتى قىل تەنتەنە!)

سەن ئىزدىگەن ئىزدىمەس سىنى هامان،
تاپالمايسەن ئېهتىمال ئىز دىگەننى.
تەڭشەلمەستىن ئۆتىدۇ ئۇشبۇ جاهان،
تەڭشەلمەس قىپ ياراتسا قىز دىگەننى.

سۇدەك دەۋرەپ ئاقىدۇ ئاپتوبۇسلار،
كۆزنىكىگە كۆزلىرىم كۆزنەك بولدى.
هايات دىگەن ئىزدەشتۇر مەڭگۈ بىدار،
(تېپىلمىسۇن ئۇ ساڭا ئىزدە" بولدى!)

سۇدەك دەۋرەپ ئاقىدۇ ئاپتوبۇسلار،
ئىزدىتىدۇ تېپىلماس ئالتۇن قىزلار.
ئىزدەپ ئۆتتۇم مەن سىنى، كۈتۈپ ئۆتتۇم،
هەر بېسىلغان ئىزىمدا بىر يۇلتۇز بار.

ئىزدەش چەكتى يۈرەككە
تالاي ئىزلار،
ئىزدىتىدۇ تېپىلماس
ئالتۇن قىزلار.
كۆزنەكلەردىن كۆرۈنەر
بىر كۈن كۆزلەر،
توختىماستىن مىڭىڭلار
ئاپتوبۇسلار.

1992-يىل 25- نويابىر، ئۈرۈمچى

# ھاياتچۇن، سۆيگۈچۇن كۆتۈرەيلى جام

## (يېڭى يىل تۇيغۇسى)

بۇگۈننى ئۇزىتىپ ئەتىنى كۈتۈپ،
ئۆتكۈزدۈم ئۆمرۈمنىڭ ھەممە يىلىنى.
ئارماندىن ئىرغىپلا ئارمانغا ئۆتۈپ،
بەك بىلدىم بۇ گاچا يىللار تىلىنى.

يىللارنىڭ باغرىدا ئوت ئەمەس تاش بار،
قەھرىگە مىنىدۇ، مىنمەس مېھرىگە.
چىرايلىق سۇرەتنى چىمايلاپ بۇزار،
باق ئەنە ئانىنىڭ ئاپتاپ چېھرىگە.

مەنزىلدىن مەنزىلگە كۆچۈرەر تېخى،
بۈگۈن بار ئالەمدە ئەتىگە يوقسەن.
يوقىتىش بابىدا ئۇ بەلكى سېخى،
سەن ئۇنىڭ ئىلكىدە ئېتىلغان ئوقسەن.

باغاقسىز كېلىسەن ئالەمگە ھەر كۈن،
باغاقسىز كېتىسەن تېخى ئالدىراپ.
چىقمايلا ئاغزىڭدىن خۇش دېگەن بىر ئۈن،
تىرىكلىك چىنارى سۇنار قالتىراپ.

قالىدۇ كەينىڭدە كېيىك كۆز دىلدار،
قالىدۇ تۈيغۇسىز تالاشقان شەرلەر.
قالىدۇ ئەرۋاھىڭ ئېسىركەشكە زار،
قالىدۇ بۇسۇقتا كۆمۈلگەن زەرلەر.

قالىدۇ ئالتۇن تاج سالپىيىپ غەمكىن،
قالىدۇ تالىشىپ سالغان قەسىرلەر.
قالىدۇ يوللىرىڭ مەغرۇر ۋە تەمكىن،
قالىدۇ شاھ بولۇپ ساڭا ئەسىرلەر...

تونۇتتى شۇنداق دەپ يىللار پەيلىنى،
ۋە مەنمۇ شۇنداق دەپ سالدىم ئەلگە جار.
بىزلەرگە بەرمىگەن ئەسلا مەيلىنى،
باققانغا باقمايدۇ بۇ يىللار زىنهار.

سۆيگۈسىز ئېغىردۇر ئىنسانغا يىللار،
شەبنەمدىن مۇز بولۇپ توڭلايدۇ كۆڭۈل.
ئىسسىتىسا ناۋادا دىللارنى دىللار،
قاپقارا تاشلاردا ئېچىلىدۇ گۈل.

يۈرەكتە يانىدۇ هامان مۇهەببەت،
قاردىكى گۈللىرىم سولمايسەن هەرگىز.
هارارەت كەتمەيدۇ باغرىمدىن ئەبەد،
ۋىلىقلاپ تۇرىدۇ يولۇمدا نەرگىس.

يىللارنىڭ قولىدىن ئالىدىغىنىم بار،
دېمىسۇن ئالدىراپ هايالسىز ئەمرىم.
نەپرەتكە هەننىۋا تۇيغۇلىرىم دار،
مەن ئۆلسەم ئۆلەرمەن نەپرەتتىن بەلكىم.

ئامراقمەن بىرىگە پەرىزاتىم شۇ،
ئۈچ بولسام ئالۋاستى، ئىبزىتقۇ، شەيتان.
سۆيۈنۈش ئالەمگە شولا قويىدۇ،
ئۆزگىسى يۈرەككە قادايدۇ پەيكان.

سۆيگۈسىز يىللارنى ئۆتكۈزمەك قىيىن،
چېچەكلە يۈرىكىم، گۈللە توختىماي.
سۆيگۈدىن ئۆزگىسى ماڭا بىر تىيىن،
سۆيگۈ كۆك، سۆيگۈ كۈن، سۆيگۈ يۇلتۇز-ئاي..

ئۆڭۈمدا هەمىشە ئاشۇنداق چۈشلەر،
هېكمىتى قىلىدۇ كۆڭۈللەرنى رام.
يىللارنىڭ خۇي-پەيلى مېنى كۈش-كۈشلەر،
هاياتچۇن، سۆيگۈچۈن كۆتۈرەيلى جام.

1992-يىل 27-دېكابىر، ئۈرۈمچى

## يۇلتۇز...

كۆزلەرگە ئوخشاتتىم سېنى ھەر دائىم،
سېنىڭدەك ھەر ئاخشام بولغانمۇ كۆزلەر.
سەن كەبى سەبىيدەك كۈلۈپ مۆلايىم،
تىلى بار ئوتلارغا تولغانمۇ كۆزلەر.

كۆزلەرگە ئوخشاتتىم سېنى ھەر دائىم،
سېنىڭدەك سەھەردە ياققانمۇ كۆزلەر.
سېنىڭدەك بوپ مېنىڭ ئەزىز ھەمراھىم،
بارىنى باغرىمغا ياققانمۇ كۆزلەر.

كۆزلەرگە ئوخشاتتىم سېنى ھەر دائىم،
سېنىڭدەك بىر ماڭا كۆيگەنمۇ كۆزلەر.
سېنىڭدەك مەن ئۈچۈن يوتۇنۇپ ۋايىم،
بىر ئۆمۈر بىر مېنى سۆيگەنمۇ كۆزلەر.

كۆزلەرگە ئوخشاتتىم سېنى ھەر دائىم،
سېنىڭدەك ئۇيقۇسىن بۆلگەنمۇ كۆزلەر.
سېنىڭدەك مەن ئۈچۈن بولۇپ گۈلئايىم،
سۆيگۈنىڭ يولىدا ئۆلگەنمۇ كۆزلەر.

كۆزلەرگە ئوخشاتتىم سېنى ھەر دائىم،
سېنىڭدەك سۆيگۈدىن پەرمانمۇ كۆزلەر.

سىنىڭدەك يىت دېگەن قىيامەت قايىم،
مەن ئۇچۇن دەرمانمۇ، ئارمانمۇ كۆزلەر؟

1993-يىل 18-ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئۈتۈنۈش

نازۇك بىر تارلاردىن پۈتۈلگەن كۆڭلۈم،
ياڭرايدۇ بىلىنمەس تىۋىش تۈپەيلى.
شەپىلەر، نۇقۇشلار ئىلكىدە ئۆمرۈم،
سىيپاشقا يولۇقسا بولىدۇ لەيلى.
سەن سۆكۈپ سۆز ئاتما، قېرىنداشلىرىم،
دۈشمەنلەر قارغىشىپ ئوق ئاتسا مەيلى.

ئاق تاڭلار نامىدىن سۆزلەي يالۋۇرۇپ،
باسساڭمۇ قەدرىمنى، باسما قەدىمىنى.
قەدرىم گۆڭگادۇر، قەددىم ھەقىقەت،
ھەيرەتنى ئۆزۈڭ ئال، بەرگەن ھەددىمنى.
مەن ساڭا چۆللەردە ئىچكۈزەي كەۋسەر،
شەبنەمگە تەگكۈزمە يۇمران بەرگىمنى.

كىرپىكلەر يۇمىدىم بۈگۈن بىر كېچە،
يەنە شۇ سەن قىلغان ئۆسەكنى چايناپ.
تاملاردا، تاشلاردا قۇلاق يوق دېمە،
ئاڭلىدىم سەن شۇندا كېتىپسەن يايراپ،
ئادەمسەن، رەنجىتىپ تىللاپ كېتىسەن،
قوش تۇرۇپ بۇلبۇللار خوش قىلار سايراپ.

1993-يىل 20-يانۋار، ئۈرۈمچى

# پاكلىق

روھ ئۇچۇپ يۈرىدۇ مەرمەردەك ئېسىل،
قاتمۇ قات ئاسمانلار، زېمىنلەر ئارا.
بىر باقسام كۆزۈمگە كۆرۈنەر يېشىل،
بىر باقسام كۆزۈمگە كۆرۈنەر قارا.

قوندۇ شېخىغا ئەزىم چىنارنىڭ،
باغجانلاپ كېتىدۇ بۇ يېشىل ھايات.
ھاراملىق ياراشماس ئالەمدە ئاڭا،
چاڭ قونسا چەتنەيدۇ، مۆجىزە ھايات.

ھەر تاڭدا گۆھەرلەر بېرىدۇ ساڭا،
ۋە لېكىن مېنىڭ دەپ چەكمىگىن پەرياد.
ئىنتىراپ بولدۇڭمۇ ياقمايسەن ئاڭا،
ئاپتاپتەك ئارزۇلار بولىدۇ بەربات.

ئادەم بوپ قارىسام قىزىل توندا ئۇ،
شەيتان بوپ قارىسام قارا لىباستا.
ئويلىدىم مەن ئۇنى بەلكىم خىزىر دەپ،
دېسىمۇ ھەق ئىگەم يول يوق قىياسقا.

قوندى ئۇ دېرىزەم كۆزىگە ئاستا،
ئۇيۇقنىڭ ئۆزىگە ئايلاندى ئۆيۈم.

بىر ئەجەپ شادلىقتا چۆمۈلدى قەلبىم،
پاكلىق دەپ ئاتالدى تۆرەلگەن كۆيۈم.

1993-يىل 17-يانۋار

## ئوغلان

بوراندەك چېچىڭ بار، چولپاندەك كۆزۈڭ،
مەڭزىڭدىن تامچىلاپ تۇرار تومۇز، قان.
تاغلاردەك يەلكەڭ بار، قامەتلىك ئۆزۈڭ،
قالتىس بىر ئوغلانسەن ئەينى ئوغۇزخان.

ۋالىلداپ ياندۇ ھەر بەرگىڭ ھامان،
ھەر تىنىق مۇقەددەس نۇرغا ئىنتىلىش.
نىقسىغان ئۇنلەرگە تولسىمۇ ئاسمان،
سېنىڭدە بىجىرىم بولدى يېتىلىش.

تاش چېچەك ئاچىدۇ، قىساس قايتىدۇ،
ئەرگىمۇ نۆۋەت بار، يەرگىمۇ نۆۋەت.
توزاننى بەربىر توزان تاپىدۇ،
ئەقىدە دېگەنمۇ ئەسلى مۇھەببەت.

ئويۇغان شۇ ھېكمەت كۆي بولۇپ ساڭا،
زېمىنگە مۆھۈردۇر سەن باسقان قەدەم.
سەن سالغان كۆيۈكنى سۆزلىدى ماڭا،
ئايدىكى ئاققۇلار، بېلىقچىنلار ھەم.

سەن كەلسەڭ، بېزەيدۇ ئەمدى مېنى دەپ،
قېنىغا سىغمىدى بۇ پانىي ئالەم.
روھلىرىم چېقىنغا ئايلاندى ئەجەب،
باغرىمغا باسقاندا سېنى خىيالەم.

ياش، يۇمران تاڭلارنىڭ گەشتى بار سەندە،
ۋە سوڭسىز بەرداشلىق، تۈگىمەس غەيرەت.
كىيسەڭمۇ ھەقنى دەپ گاھىدا جەندە،
باغرىڭغا بارالماس نەشتەرلىك ھەيرەت.

سەن تارتماس جاپا يوق، سەن چەكمەس ھەسرەت.
سەن ياقفا چىقمايدۇ خۇدامۇ ھەتتا.
قىيا ۋە قىستاڭلار چاچقاندا نەپرەت،
ياپيېشىل ئارچا بوپ تۇرىسەن تەنھا.

نالىلەر يات ساڭا، سالمايسەن پەرياد،
ھەم قېيداپ قىسمەتتىن، بولمايسەن بەندە.
ئاپەتلەر ھەمىشە خۇلقۇڭدىن بەربات،
يېڭىلمەس قورغان بار قورغاندەك تەندە.

ئىشتىياق ئىلكىدە يۇزلەنسەم ئاستا،
تۇرىدۇ سىنىڭدىن، كۆندىن نۇر تاراپ.
ئاتمىغان تاڭلىرىم باشلايدۇ ناخشا،
تويمايمان ھاياتقا ۋە ساڭا قاراپ.

سەن شەپەق، رەڭگارەڭ، مۆجىزە گويا،
كۆزنەكلەر، دىللاردا يېلىنجا، چوغلان.
سەن بىلەن باشلىنار تۈگىمەس دۇنيا،
ئۇمىد ۋە بەخت بوپ تۆرەلگەن ئوغلان!

1993-يىل 19-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## ئامەت

قاناتلىرىڭ رەڭگارەڭ ھاياتىڭ تىلسىم،
ئوخشايدىكەن كۆزۈڭ ھاڭغا، يۈرىكىڭ تاشقا.
خۇيۇڭمىغۇ غەلىتىلا ئۆزگە بىر ئىقلىم،
ھاي دەپ تۇرساق قونۇۋالدىڭ غەيرىي بىر باشقا...

ئەجەپ خاتا يۈز بەردى دەپ دىللاردا ۋايىم،
چۈشتى چىۋىن مانا ئەمدى ئوخشىغان ئاشقا.
يەلكىلەرنى تاغدەك باستى قىيامەت قايىم،
سۇغا چۆككەن پاخال مىنىپ ياماشتى قاشقا.

سەن يىتىلگەن يۇلتۇزلارنىڭ كۇلكىسى قېنى،
تولۇپتۇغۇ نۇرغا پەۋەس كۆزلىرى ياشقا.
قول ياپما قىپ چېكىمىزگە پۇتۇپتۇق سېنى،
بىلسەك ئىكەن قىلۋە باشقا، ئىبادەت باشقا...

1993-يىل 20-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## سەرۋىناز كۆن

ياخشىلارغا كۆرۈم يوق بۇ ئالەمدە نېمىشقا؟
يامانلارغا ئۆلۈم يوق بۇ ئالەمدە نېمىشقا؟ . .
سوئاللارنىڭ دەستىدىن ماڭالمىدىم تۇغۇچلۇق،
مۇمكىن ئەمەس زادىلا بۇ مۇشكۇلدىن قېچىشقا.

ياخشى دېگەن كۆتۈرەر بۇ ئالەمنى بېشىدا،
جاپا تارتقان چېغىدا ھېچ كىشى يوق قېشىدا.
جان خەجلەيدۇ ھەمىشە دوستلىرىنىڭ يولىدا،
زەھەر تەييار تۇرىدۇ يېمەك بولغان ئېشىدا.

مەزگىل يەتمەي بىر ياپراق چۈشسە يەرگە پىرىلداپ،
تاش چۈشىنىپ دەھشەتنى كېتەر ھەتتا چىرىلداپ.
ياخشى كەتكەن بولىدۇ ئاللىقاچان خەنجەر يەپ،
يۈرەك بايقۇش تۇرىدۇ ھەسرەت بىلەن جىغىلداپ.

قۇل بەختىدە سالماق يوق، ئۇ تۇغۇلغان سەراپتىن،
مەن تانمايمەن ھېچقاچان بۇنداق قاتتىق جاۋابتىن.
ئانا يەرنىڭ بەختىلا تۇغار ئوغۇل بەختىنى،
بۇنداق بەخت دېرەكتۇر مىڭ دۇنيالىق ساۋابتىن.

يەل ئۇچۇرسا بىر زەررە تۇپرىقىنى ۋەتەنىنىڭ،
نەگە چۈشەر دېگەن ئوي ئىككىدۇر بەدەنىنىڭ.

چوڭقۇرراق بىر ئۇھ تارتسا ئاپتاپ يۈزلۈك بىر ئانا
چۆلغار ئۇنى ھەسرىتى كەچكۈزدىكى ئەمەننىڭ.

ئىزدىگىنى نۇر ئۇنىڭ، قۇسۇر ئەمەس ۋە لېكىن،
قۇسۇرچىلار ئالدىدا خەنجەر قىيا، تۇز، تىكىن.
ئىپار ياغسا قويىدۇ دېرىزەڭگە توغرىلاپ،
بالا ياغسا ئىپ كېتەر، ئۆزۈڭگە دەپ چىلڭ بېكىن.

يامان دېگەن ياخشىنىڭ دەل پىچىلغان تەتۈرى،
ئۇيات دېگەن يوق ئۇندا بۇ بىلمەيدۇ ھايانى.
بىللە بولساڭ بىر ئەسنا ئۇنىڭ بىلەن ناۋادا،
بىلىنىدۇ يوقتەكلا بۇ ۋاقىتنىڭ پايانى...

ياخشى قانچە كۆپ بولسا، بىلىنىدۇ شۇنچە ئاز،
ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈن خان ئەركىسى، سەرۋىناز.
بىلىنمەيدۇ بىر كۈنچە سەرۋىنازلىق مىليون كۈن،
زىمىستاندا تىلەيمىز مەڭگۈ بول دەپ باھار، ياز.

1993-يىل 9-ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## دوختۇر بىلەن سۆھبەت

ـ ئىلىۋەتسەڭ ياشايسىز خاتىرجەم ۋە بەختلىك
ئۆتىڭىزگە باغلانغان مىجىر-مىجىر تاشلارنى.
سىيلىغانتۇق بۇرۇن بىز پىچاق بىلەن بىمالال
ئازاب چەككەن مۇشۇنداق تالاي-تالاي باشلارنى.

ـ رەھمەت سىزگە دوختۇرۇم، كېسىلىك، كېسىش سىزگە خاس،
تەن ئاغرىقتىن قۇتۇلار، لېكىن دەردتىن قۇتۇلماس.
خاتىرجەملىك ۋە بەخت دەرد بار يەرگە كەلمەيدۇ،
ئەجىلى يوق كېسەلگە بەربىر تەن ئۇتۇلماس.

يۈرىكىمگە باغلانغان ۋىجدان دېگەن بىر تاش بار،
بۇ تاش باردا ماڭغان يول تايغاق، كىچىك، تىنك قاش يار.
بۇ تاش باردا تېنىمگە هارام يېسەم سىڭمەيدۇ،
بۇ تاش باردا ھەر بىر دەم ماڭا قازى، ماڭا دار.

بەل ۋە تىزىم بار، لېكىن تۇرالمايمەن ئېگىلىپ،
ئالىيېشىل، رەڭگارەڭ يالغانلارغا چېگىلىپ.
گاھىلارغا ياقمايمەن، يېقىشقىمۇ يوق خۇمار،
ئۆزگە رەڭگە ھېچقانداق قارىمايمەن تىكىلىپ.

ئۇيات كەتكەن يۈزلەردە بار ئۇيالماس ئىغىزلار،
ئىغىزلاردا چايىنىلار يالغان دېگەن سېغىزلار.
مەن ياشىدىم ئۇلارنى پۇچەككىلا چىقىرىپ،
گەر دېسىمۇ خالايىق ياغدى ئەنە مېغىزلار.

سادىق قالدىم ئانامغا، ئاقلىقىنى ساتمىدىم،
مەرگەن قىلغان ئۇستازنى ئۆرۈلۈپلا ئاتمىدىم.
يۈندا ئىزدەپ تىلىقان بۇسۇق كەزدى ئىت كەبى،
مۆھۈر سوراپ ھەر كۈنى مۆھۈردارغا چاپمىدىم.

تاماشىغا تويۇنۇپ، بولۇش ئۈچۈن خاتىرجەم،
كېرەك ئىكەن، كور بولۇش، گالدى-گۇلدۇڭ، كالتە پەم.
بەختىيارلىق يوق ماڭا يالغان تولسا ئالەمگە،
بۇڭا باردۇر پەقەتلا سىزدە شىپا، سىزدە ئەم.

بول دېسىڭىز ھاياتتا خاتىرجەم ۋە بەختلىك،
ئېلىڭ جەزمەن، دوختۇرۇم، يۈرەكتىكى شۇ تاشنى.
خاتىرجەملىك ۋە بەخت يوقتۇر ماڭا شۇ تاش بار،
ۋىجدان دېگەن ئىزىتقۇ ئېزىقتۇرغان بۇ باشنى...

1993-يىل 11-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## مەرۋايىت...

بىر تىزىق مەرۋايىت مەرمەر بويۇندا،
گۈن سوراپ كۆزلەردىن تويمايدۇ گۇنغا.
يۇلتۇزلار جىمىرلاپ يۇلتۇز قويۇندا،
شولىلار تارىتار گويا ئاجۇنغا.

ئاجايىپ رەڭلەرنى تارىتار چاقناش،
ئاشماقتا يالقۇنلاپ جۇلالار ئەۋجى.
داغسىز، پاك دانىلەر كۆتۈرمەكتە باش،
بىرگە مۇجەسسەم بىر دېڭىز مەۋجى.

قۇلۇلە قاتارى ئۆتەر تىزىلىپ،
گاھىسى تاشلانغان مەشئۇم ماماتقا.
گاھىسى دەرمانسىز ياتار ئېزىلىپ،
گاھىسى تارتىشار بۈيۈك ھاياتقا.

قۇلۇلە دېڭىزنىڭ ئەركىن پۇقراسى،
سەن يىغلاپ كۆلكىگە تۆلەيسەن بەدەل.
قۇللارغا ھەقىقەت شاھىنىڭ قىياسى،
ماڭا تاج مەرۋايىت-سەن قۇچقان ئەجەل.

1993-يىل 22-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# مەن چىقىن، مەن ئاپتاپ، مەن سامانيولى

## (بالامنىڭ باياتى)

قورشاۋدا تۇرسىمۇ بۇ يۇمران تېنىم،
نىشان بوپ مەرەزلەر ئاتقان ئوقلارغا.
جۇش ئۇرۇپ ئاقىدۇ تومۇردا قېنىم،
چۆكمەيمەن قىسمەتتىن كەلگەن دوقلارغا.

چوقانلار ئۆكسىمەس بىزنىڭ ھاياتتا،
چىشلىرى كىرىشكەن تەلۋىلەر سالغان.
ۋە لېكىن كۆي ئەمەس زار ئۇ قاناتتا،
پەرۋاسىز قالىدۇ ھەمىشە يالغان.

مەڭگۈ تاش كۆيلىرى ياڭرار قولاقتا،
ئۆچمەستۇر كەينىمگە مەن تاشلىغان ئىز.
بىر يالپۇز بولسامۇ سۇزۇك بۇلاقتا،
بار مەندە تىرەنگە شۇڭغىغان يىلتىز.

چاپقۇنلار پەيتىدە سۇنارمىكىن دەپ،
بولماڭ سىز دادىجان، بولماڭ سىز ئادا.
بەرگىگە چاڭ-توزان قونارمىكىن دەپ،
غەم يېمەڭ پۇچۇلۇپ، يىتسۇن ئۇ سادا.

ئايازدا ياپيېشىل ياشناپ تۇرغىلى،
ئارچا بوپ ئۆسۈشنى ئۆگەندىم مەن ھەم.
تەمشىلەر بېشىمغا يۇلتۇز قونغىلى،
ئاسمانغا ئىنتىلىپ كېلىمەن ھەر دەم.

چوققا كۆپ زېمىندا ئېگىز ۋە ئېگىز،
ئۇ مېنى تۇرىدۇ باغرىغا چىللاپ.
چاقنىغان ئەقىدە ئۆچمەيدۇ ھەرگىز،
ئۇزاق يول يىگىتنى ئالىدۇ خىللاپ.

پىداكار ئاتىلار تۇتقۇزغان ئوتقاش،
ئۆچمەيدۇ يالقۇنلاپ بۇ جۇپ قوللاردا.
قۇت تىلەپ قالىدۇ سەپەردە قۇياش،
تەلپۈنۈپ ۋەسلىمگە ئوڭۇ سوللاردا.

سۆڭىكىم ئالماستىن پۈتۈلگەن تامام،
كېمىرىپ يۈتالماس ئىكەك تۇمشۇقلار.
ۋالىلداپ تۇرىدۇ روھلىرىم ھامان،
سالالماس ھېچكىممۇ ئاڭا قوشۇقلار.

نۇر ئىزدەپ يۈرگەنلەر يولۇقسۇن ماڭا،
تاش بېسىپ، ئايىغى قالغاندا تېلىپ.
تىلسىملار سىرىنى سۆزلەپ مەن ئاڭا،
قوياي مەن ئۇيۇقا بىللە ئاپىرىپ.

ئەتەمدىن ئەنسىرەپ يىمەك سىز ۋايىم،
بولمىدىم، بولمايمەن تەقدىرنىڭ قۇلى.
قەيەرگە بارساممۇ چاقنايمەن دائىم،
مەن چېقىن،
مەن ئاپتاپ،
مەن سامان يولى.

1993-يىل 4-ماي، ئۈرۈمچى

## مەشۇقىمغا...

قاچقاننى قوغلىماق پەرزدۇر بەلكىم،
ھەتتىۋا ھەسرەتنى چېكىدۇ تۇرغان.
بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ ھەر كىم،
ئاشىق بوپ قالىدۇ خۇدايى ئۇرغان...

كىم قويدى بۇ ماڭا ئاشىق بولۇشنى،
ئەركىسىز بۇ ياشتا ئازاد تەن، ھۆر باش.
تۇلۇن ئاي ئۆگەتتى ساڭا تولۇشنى،
ۋەقپەيەر تۇتقۇزدى قولۇڭغا قۇياش.

ئەركىلەپ كەلسەڭمۇ قىسمەتكە ھەر دەم،
ۋە لېكىن ياقمايدۇ ساڭا ئەركىلەش.
سۆيگۇدە ئۇتقانلار ھەمىشە بەردەم،
ئۇتۇلغان قىسمىتى تېنەپ-تەمتىرەش.

تەمتىرەپ يۈرىمەن يوللاردا غەمكىن،
كۆڭلۇمگە سەن سالغان خۇمار تۇپەيلى.
ئاشىقلار قاچانمۇ بولغان خوپ تەمكىن،
كۈتىمەن ئالدىمغا چىق-چىقما مەيلى...

1993-يىل 21-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## مۆجىزە

بەش مىڭ غولاچ يىلتىز تارتقاچ يەرنىڭ تەكتىگە،
ئاپئاق بولۇپ چېچەكلىدى قاپقارا بىر تاش.
تاڭنى ئەكەپ سىلىپ قويدى ئۇنىڭ قەلبىگە،
ئۇۋۇسىدىن ئەتەي چىققان ئۇلۇغۋار قۇياش.

يارنىڭ ھىدى تاراپ كەتتى شۇ دەم ھاۋادا،
نىگاھلارغۇ بەرگىدىكى بۇيۇك يالتىراش.
ۋىل-ۋىل يانغان سەبىي كۆزلەر يۇلتۇز سامادا،
كىرپىكلەردە باردۇر لەرزە، باردۇر قالتىراش.

چېچەكلەرگە مەيۇس باقتى ھەممە گىياھلار،
دېدى: قېنى ئىپارىمىز، قېنى چېچىلىش؟
تاش شەنىگە ئالقىش تۆكتى روشەن سىياھلار،
دېدى: تاشقا نېسىپ بولسۇن گۇلدەك ئېچىلىش.

يانغىنىدەك يانغىن بولۇپ زۇلمەت قاراڭغۇ،
يانار ئەنە ئاپئاق بولۇپ تاشتا چېچەكلەر.
ئاق رەڭلەرنىڭ جىلۋىسىدە يوقتۇر ئالاڭغۇ،
ئاق شولىلار ئۇپۇقسىرى دىلنى يېتەكلەر.

ئاڭلاپ ئۆتتۇم تەبىئەتنىڭ ساماۋى سادا،
نۇرلۇق ھېكمەت ئاچتى ئۇلۇغ ئالتۇن دېرىزە.

شەيدا قىلسا قىلار بەلكىم مېنى دۇنيادا،
قۇل قىلالماس ھەيران قىلسىپ لېكىن مۆجىزە. . .

1993-يىل 25-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# تۇرنا...

يۈرەك كەبى هارارەتلىك ئۇۋاڭنى تاشلاپ،
كۆي ياڭرىتىپ يىراقلارغا ماڭدىڭمۇ يەنە.
ئايرىلىشنىڭ مەن تۆزگۈسىز دەردىنى باشلاپ،
شادلىقىمنى قانىتىڭغا تاڭدىڭمۇ يەنە.

سەن نىشانغا ئالغان يەرلەر ماڭا ناتونۇش،
هەم كۆللەرنىڭ، دەرەخلەرنىڭ سىرلىرى پىنهان.
ئۇ هۆسنلەر سالالمايدۇ ماڭا ئۇمۇنۇش،
بىلمىگەننى ئېسىركەيدۇ قەيەردە ئىنسان؟

كېتىش پەسلىڭ بولمىغانتى، بالدۇرتى تېخى،
ئاسمان سۈزۈك، هاۋا ئىللىق، سۇلار قاتمىغان.
سېنىڭ ئۈچۈن جان بېرىشكە ئىدۇق بىز سېخى،
قەلبىمىزدە ياخشى تاڭلار تېخى ئاتمىغان.

يېشىل چۈشتىن تارقىمىغان تېخى شېرىنلىك،
يېشىل كۆنلۈك سايىسىدىن كەتمىگەن سايا.
هازىر ئۈچۈن بىزمانلىقلار مەڭگۇ كېيىنلىك،
دەم دېگەننىڭ ئۈچقۇرلۇقى چارىسىز جاپا.

يايرىۋالماي يەنە بىر پەس، كەتتىڭمۇ قۇشۇم،
پەرىڭنى بەر، پەرىمنى ئال ئۇزۇتاي سېنى.

ئىچ-ئىچىمگە ئۆكسۈك تولشتى، سەرگەردان ھوشۇم،
يىغلاي دېسەم كۆندەشلىرىم سۆكىدۇ مېنى.

ئاق يول بولغاي چوققىلاردىن ئۆتكەيسەن ئامان،
چىنارغا قون، قىياغا قون، يۈرەكلەرگە قون.
كۆز ئالدىڭدا يېنىپ تۇرسۇن تۇركۈنۈك ھامان،
يېنىپ تۇرسۇن گۈزەللىككە تولغان بۇ ئاچۇن.

1993-يىل 3-ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئىلهام بىلەن سۆزلىشىش

سەن كىرمەيسەن رۇجەكلىرىمدىن،
ھېيىقىسەن بۇرجەكلىرىمدىن.
يوقتۇر سەنكى، ئۇندى چېچەكلەر،
يەرگە پاتقان گۇرجەكلىرىمدىن.

سەن كەلمىدىڭ ئالجىدى بىرى،
جۆيلىگەندە پاش بولدى سىرى.
ئاتىسىغا ئۇردى ئۇ خەنجەر،
تاسقىغاندا غەلۋىردە پىرى.

يار رومالىن ئېلىپ قولۇڭغا،
شولىلارنى سۆرەپ يولۇڭدا.
ئىشىكىمنى تاقىلداتچۇ بىر،
ئىشىك ئېچىپ ئوڭۇ-سولۇمغا.

تىلسىمدىمۇ، يۇلتۇزدىمۇ سەن،
بەرگىدىمۇ، يىلتىزدىمۇ سەن.
قۇلىقىمغا پىچىرلاپ باقچۇ،
مىڭ قىزدىمۇ، بىر قىزدىمۇ سەن؟

1993-يىل ئاۋغۇست، ئۇرۇمچى

# ئىدىقۇت

بىر تالاي ئەسىرگە گۇۋاھ ئىدىقۇت،
ئۆرۈلمەس قەلئەلەر كەتسىمۇ سېزىپ.
قەدىمىي بىر روھلا ئوقۇيدۇ دۇرۇت،
ئىشكى ئېچىلغان دىللارنى كېزىپ.
دېيىلەر ئۆزەكسىز ھېكمەتنى ئۇنۇت،
ئىچ لېكىن تۇپراقتىن تۇتىيا ئېزىپ.

كەچمىشلەر قوينىدا نۇرغۇن چېگىش بار،
ھېچ كىمگە ئاي ئەمەس
ئۇنىڭ سىرلىرى.
تاملارنىڭ تىلى يوق،
سۆزلىمەس زىنھار،
دېمەككى سۇنمايدۇ سىرنىڭ قىرلىرى.
يىللارنىڭ ئىزىنى قىلاي دەپ ئىزھار،
تىلسىمنى تىلىدۇ تىلسىم پىرلىرى.

ئىدىقۇت سەن بىلەن قالدىم سۆزلىشىپ،
بىر سۇزۇك ئۇپۇقنى بەردىڭ دەل ماڭا.
تەنلىرىڭ تېنىمگە كەتتى ئۆزلىشىپ،
تەڭداشسىز قىسمەتلەر يار ئىكەن ساڭا.
چالمىلار ياتىدۇ كۆكنى كۆزلىشىپ،
ئالتۇنۇ جاۋاھىر تەڭ كەلمەس ئاڭا.

يۈرەكلەر مۆھرى بار سەندە ئەي تۇپراق،
سېنى دەپ ھەمىشە بولىمىز ئادا.
ئەجدادلار ئاھىغا سالىمەن قۇلاق،
ھەر يەردىن چىقىدۇ ھەيۋەتلىك سادا.
پەخىرلەن ئەۋلادىم،
ياشايسەن ئۇزاق،
بالىقلار ئۇستىگە باغرىڭنى قادا.

ھېچقانداق تۇگىمەس كۈيدەك ئىدىقۇت،
پىژغىرىم ئاپتاپتەك قۇيۇلدۇڭ جانغا.
ھېكمەتلىك ئويلارنى سالدىڭ تېگى قۇت،
بىر ئىلھام چاپچىيدۇ تومۇردا، قاندا.
قۇياشنىڭ كۆزىگە قارىدىم مەزمۇت،
ئۇندا سەن چۆكۈپسەن دەريايى شانغا.

ئىدىقۇت،
ئىدىقۇت،
ئەزىز ئىدىقۇت،
ئۆلگەن بىر ئەسىرنى تىرىلدۇردۇڭ سەن.
ئىدىقۇت گۈزەلى ئاق چېچەك مەرغۇپ،
كۆڭۈللەر تۆرىگە تىزىلدۇردۇڭ سەن.
ئالىي بىر نەسەپتىن يايراپ كەتتىم خوپ،
نەزمەمنىڭ كۆكىگە كۆتۈرۈلدۇڭ سەن.

1996-يىل 28-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# كونا كۆزلەر

كونا كۆزلەر، ئاسىقماڭلار كېتىشكە،
دۇنيا خىرە بىزلەر ئۈچۈن سىلەرسىز.
بولار ھەردەم مەنزىللەرگە يېتىشكە،
تېخى بالدۇر، خوشلاشمايلى بىز ھەرگىز.
بىز جاۋابكار يوچۇقلارنى ئېتىشكە،
ئەجەل كىرمەس قەسىرلەرنى سالدۇق بىز.

ئالدىڭلاردا تاي-تاي باستۇق ھەممىمىز،
مېھرىڭلارغا تويدۇق تاشتىن تاغ بولدۇق.
قەلبىڭلارغا چىڭ چاپلاندى قەلبىمىز،
ياپراق ئىدۇق،
ھارارەتتىن باغ بولدۇق.
ئارچىلارنى ئەسكە سالدى قەددىمىز،
قامغاقلارنىڭ يۈرىكىدە داغ بولدۇق.

بېشىمىزنى سىيلاپ ئۆتتى خىزىر قول،
شور تۆكۈلدى قەۋەت-قەۋەت ماڭلايدىن.
ئەترگۈلگە تولۇپ كەتتى ئوڭۇ سول،
تەمى كەتمەس سۆزۈڭلەرنىڭ تاڭلايدىن.
پېشىڭلارغا تۇتاشقاندۇر داغدام يول،
بەلگە قويغان يېرىڭلاردا تاڭ، ئايدىڭ.

باغرىڭلاردا باردۇر ئاتا-ئانىمىز،
تەڭدىشى يوق دىلى كۆيۈك، شەپقەتلىك.
بار سىلەردە شەرىپىمىز-شانىمىز،
ۋە جەننەتنىڭ دەرەخلىرى شەربەتلىك.
كۆزىمىزدە كۆزۈڭلەر بار، يانىمىز،
سىلەردىكى ھەممە نەرسە بەركەتلىك.

مۇزئارتلارنى بۆلمەك بولساق ئىككىگە،
كەينىمىزدە يۆلەپ تۇرغان سىلەر بار.
تاڭ كۈيىنى ئۆگەتكەندە كېچىگە،
ئىشىكلەردە تۇرسىلەر خوپ بىدار.
دۇئايىڭلار دەل تېگىدۇ كىشىگە،
تەڭرى دەملىك ئۇدۇمۇڭلار زۇلپىقار.

تالا-تۈزدە قارساڭلار قايرىلىپ،
كۈچ ئالىمىز، تاغۇ تاشنى تىلغايمىز.
بىرىڭ كەتسەڭ،
بىر ئالەمدىن ئايرىلىپ،
كۆز ياش دېڭىز،
كۆز ياش دېڭىز يىغلايمىز.
شۇنداق كېتەر بىسلىرىمىز قايرىلىپ،
ياق سىلەرنى
قىيالمايمىز،
قىيمايمىز.

كونا كۆزلەر،
ئاسقماڭلار كېتمشكە،
دۇنيا خىرە بىزلەر ئۇچۇن سىلەرسىز.
يىڭنە كېرەك زەردىن زەرتون تىكىشكە،
ئېسىل سىلەر،
شۇڭا ئېسىل ئوغۇل-قىز.
تەشنا بىزلەر هامان هېكمەت ئېمىشكە،
گۈل كۆركىگە ئانا دائىم ئوق يىلتىز.

1996-يىل 4-نويابىر، ئۈرۈمچى

# سېغىنىش

ھۆسنى كىرگەن بوشلۇقلاردا تۇرسەن يالغۇز،
چۈشىنىشلىك ھالىڭ سېنىڭ ماڭىلا پەقەت.
چۈشلىرىمدە تەگدى ئاخشام ۋە بولدى يالپۇز،
تۇرنىلارنىڭ قانىتىغا ئۆزۈڭ ئاسقان خەت.
قۇياش باغرى سېنىڭ باغرىڭ چۈشتى باغرىمغا،
توزۇپ كەتتى دوستلار دىلغا قوندۇرغان ھەسرەت.
يادىڭ سېنىڭ كەۋسەر تەمى بەردى ئاغزىمغا،
كۆتۈرۈلدى ھوشلىرىمدىن مەڭگۈگە غەپلەت.
كەتمىشلەرنىڭ كەلمىشلىرى ئالەمدە بەرھەق،
بۇنچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ بولاتتى ھىجران.
ئۇنىڭ سالغان ئازابلىرى دەھشەت نەقمۇنەق،
چىدىمايدۇ ھېسلار ئاڭا، چىدايدۇ ۋىجدان.
سۆيگۈ بىلەن ياشاش پەرھىز تۇرسا بەندىگە،
سۇنەت بىلىپ ئۇنى قانداق ياشايمىز دىلدار؟
شاھانە تون ئايلانسا گەر جۇل-جۇل جەندىگە،
قىيامەتلەر كۆزنەكلەردىن ئاچمامدۇ دىدار؟
قاقىرىلار پەرلىرىڭنى تاراپ قويايمۇ
ئاتلانغاندا ھەيۋەت بىلەن يىراق سەپەرگە.
ئۇنلىرىڭنى سېغىنىشىم،

مۇڭغا ئورايمۇ؟
بەلگە تاشلاپ ئۆتكىن ساڭا ئېيتقان شەھەرگە.

## ئىستەك

مەن تۇرىمەن بوسۇغتا ئىزا چېچىپ،
ئىشىكىڭنى مىڭ تەستە قىيا ئېچىپ.
ئاي ماڭلىيىڭ نۇر چاچتى مەن تەرەپكە،
كەتتى گويا شۇ تاپتا زىيا كېچىپ.
كىبىرىڭنى نەلەرگە تاشلىۋەتتىڭ،
خۇش خۇيلۇقنى دەرھاللا باشلىۋەتتىڭ.
روھىم ئۇزرە تاڭ ئاتتى زەپمۇ ئاپئاق،
ئېرىپ كەتتىم،
كۆزلەرنى ياشلىۋەتتىڭ.
بۇ دەملەرنى ئۇنتايمەن قانداق قىلىپ،
سەن يوق يەرنى قالىمەن دوزاخ بىلىپ.
تەڭدىن تولا ئۆمرۈم ئۆتتى، ئەمدى ھەرگىز،
يۈرەكلەرنى كەتمىسۇن ھىجران تىلىپ.
ئىشىكىڭنى
ھەر كۈنى
ئاچاي قىيا،
تۇرغىن كۈلۈپ،
دىلدارىم،
تۇرغىن كۈلۈپ.

1996-يىل 6-نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئەقىدە

ھەرنە سۆز ئەگىشىدۇ كەينىمدىن،
ئازماستىن كېلىمەن ئەينىمدىن.
ھەر نېمە دېيىشسۇن خالايىق،
كۆكلەملەر ياغىدۇ پەيلىمدىن.
تىلسىمۇ نەشتەرلەر يۈرەكنى،
كەتمەيدۇ كەۋسەرلەر لەيلىمدىن.
ئاشىقمەن دوستلىرىم سىلەرگە،
جەننەتلەر تۆكۈلەر مەيلىمدىن.
لاي ئاقماس ھەرگىزمۇ نەھرىمدىن،
نۇر كەتمەس تولۇن ئاي بەھرىمدىن.
قۇياشتەك يانىدۇ روھىممۇ،
چاكىڭ قونماس ھېچكىمگە قەھرىمدىن.

1996-يىل 6-نويابىر، ئۈرۈمچى

## دىل ئەمرى

مەن سېنى ئۇلۇغلاپ تۇرىمەن ئەركەم،
ئېتىڭغا قوشىمەن ئالىي سۇپەتنى.
كۆركى بار سۆز چىققان قەلبلەر كۆركەم،
شۇ ھېكمەت بويىچە تاللا ئۇلپەتنى.

كۆزۈڭنى يۇلتۇزغا ئوخشىتىپ دائىم،
ئۈزۈڭنى قۇياشقا،
ئايغا تەڭ دېدىم.
ئەيىبلىك ئۇچۇنمۇ يانمىغان رايىم،
دوستىغا دوستىنىڭ
كۆكسى كەڭ دېدىم.

باغرى كەڭ دىللاردا كەزگەيسەن ھامان،
ئاپتاپتەك ھېسلارغا پۈركەيمەن سېنى.
بىر زەررە مېھرىدىن چاقنايدۇ جاھان،
مىڭ زەررە مېھرىڭگە غەرق قىل مېنى.

1996-يىل 7-نويابىر، ئۈرۈمچى

## خەتەر

چىمەنلىك يوللار، قانات ياساپ يەلدەك ماڭىسەن،
بىپەرۋالىق كەيپىڭدە، يوللاردا تۈغۈلغان بالىسەن.
ئوتقاشتەك يانغان يۈرەكنى تاشلاپ قويدۇم ئالدىڭغا،
دەسسىمەيسەن ئېھتىمال، ئالقىنىڭغا ئالىسەن.
شۇندا ئېيتار ئۇ ساڭا ساقلاپ كەلگەن سىرىنى،
(سىر ئەماندۇر ھاياتتا، نوچىلىقنىڭ گېمىنى..)
تاغلاردىن ئالدىم يۈكسەكلىك، باغلاردىن ئالدىم شەربەتنى،
مېنىڭ ۋەسلىم مەڭگۈلۈك خۇشتارلىقنىڭ زېمىنى.
چايقىما ئۇنى چايقىما،
نۇرلارنى تۆكۈپ ئالىسەن.
تۆكۈۋالساڭ ناۋادا ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن.
ئەڭ يامىنى زۇلمەت قونار
ئۆزۈڭ ھەمدە كۆزۈڭگە،
ئۇ چاغدىمۇ
ئۇ چاغدا
ئەركىمنى ئالغان لېۋەنىم،
تىمىسقىلاپ،
تەمتىرەپ
زولمەتتە نەگە بارىسەن؟

1996-يىل 7-نويابىر، ئۈرۈمچى

# يېشىللىق

ئەستى سەلكىن، كۆز ياپرىقى تۆكۈلدى،
تەپچىپ تىككەن تىكىشلىرىم سۆكۈلدى.
بۇلۇتلارغا باش تەگكۈزگەن تاغلارغا،
پۈكۈلمىگەن بۇ بەللىرىم پۈكۈلدى.
ياپراق سېنىڭ تېخى كۈنۈڭ توشمىغان،
سېنى ھېچكىم خازانلارغا قوشمىغان.
نەزىرىمدە يېشىللىقنىڭ يۈمرانى،
ئىدىڭ گويا ئۆمرۈمگە ئوخشىغان.
كۆمۈلسەن تۇپراقلارغا تۆكۈپ شان،
ياپراق بولماي ياپراقلارغا بولۇپ جان.
تاڭغا كۆكلەم ياپراقلاردا چاقنايسەن،
يېشىل ھۆسن، يېشىل جىلۋە جانىجان.

1996-يىل 10-نويابىر، ئۈرۈمچى

# رۇبائىيلار

1

ئايرىلىدۇ سىردىن ھامان سىرلىق تىجارەت،
كونىرايدۇ يەل-يېشىندىن يېڭى ئىمارەت.
بورانلاردا كۆلدەك توزار مىسقال يالغاندىن
قان-ياش بىلەن ئۈيۈپ پۈتكەن پاتمان ئىناۋەت.

2

تامچە سۇغا تەڭ ئەمەستۇر دېگىنى رىۋايەت،
نىقابىنى ئالۇر ئالەم يۈزدىن نىھايەت.
ۋاقىت دېگەن ئادىل ھەكىم،
بىلىنەر ھامان،
بېلىق قارنى پاناھ بولغان قىلدەك خىيانەت.

3

سۈتتەك ئاق دېدىڭىز قارامنى ئانا،
نۇردەك ساق دېدىڭىز يارامنى ئانا.
ئالەمنىڭ چىرايى ئېسىڭىزدە يوق،
كۆلكەمدىن ئالدىڭىز ئارامنى ئانا.

4

داۋانلىق يوللاردا ئاستا كېلىمىز،
يول پۈتمەس،
پۈت تۈگەر بۇنى بىلىمىز.
ئويلايمەن:
ئەجەلمۇ چېقىلماس بىزگە،
ھەمىشە بولسا بىر تىل ۋە دىلىمىز.

5

يۈرىكىم، كۆز نۇرۇم، باغرىم ئانا يەر،
ھەسرەتۇ دەردىڭنى پەقەت ماڭا بەر.
ھەر زەررە توپاڭدا ھەر تامچە قېنىم،
سەن ئۈچۈن مەيداندا بىر جېنىم مىڭ ئەر.

6

باغنى ئاچتى مەرد باغۋىنىم بارايلى بىللە،
ئالمىلارغا شەربەت بولۇپ تارايلى بىللە.
ئالما بىلەن بىللە كىرىپ ئالما ئۆيلەرگە،
ئالما يارنىڭ ئالما لېۋىن يارايلى بىللە.

7

جەننەت دېگەن ئانا سىزنىڭ ئاياغىڭىزدا،
ھېكمەت دېگەن تۇتقان ھاسا-تاياقىڭىزدا.

ئىبادەتكە كېلەر بولدى ئاسمان ۋە زېمىن،
كۆرسىتىڭچۇ،
قېنى قىبلە قاياقىڭىزدا؟

1996-يىل 10-نويابىر، ئۈرۈمچى

# بوسۇغادىن باشلىنىدۇ ۋەتىنىڭ، قاياش

بوسۇغادىن باشلىنىدۇ ۋەتىنىڭ، قاياش،
شەيدا بولما خىياللارغا جىسمى يوق ھەرگىز.
نەق سۆيگۈ يوق قەلبلەردە بولمايدۇ ئاياش،
سۇ ئىچمىسە تۇپراق ئىچرە ئۈنمەيدۇ نەرگىس.

قېرىندىشىڭ ئوڭ-سولۇڭدا تۇرغانلار ئەبەد،
ئېۋەنى بار، تەڭرى ئەمەس، ساددا ئىشقىلىپ.
ھالال ئىشلەپ، ھالال يەيدۇ ھاياتتا پەقەت،
كۆكلىمىگىنى چالغىتمايدۇ چوقۇم قىش قىلىپ.

پەلەمپەيلەر ئېلىپ چىقار سېنى ئۆيۈڭگە،
دېمەك، ئۇمۇ ۋەتىنىڭگە ئايرىلماس تەركىب.
ئۇنىڭ شەنى قوشۇلىدۇ سۆيگەن كۆيۈڭگە،
ئەسلى شۇنداق تۇزۇلىدۇ ئەزەلدىن تەرتىپ.

ئاسمانلاردىن چۈشمەس ئەسلا يېڭى ئادەملەر،
مۇئەللەقتە يوقتۇر يەنە ئىككىنچى ۋەتەن.
قىممەت ئېرۇر نەق نەرسىلەر، ئېنىق قەدەملەر
نەق سۆزلەرگە، نەق كۆزلەرگە، نەق سۆيگۈگە تەن.

ۋەتەن دېگەن باشلىنىدۇ بوسۇغىدىن، قاياش،
مىليون سانمۇ باشلىنىدۇ بىردىن ئەسلىدە.
مىڭ قىلساڭمۇ يوق دېگەن يوق، نۆلگە قويغان باش،
غايىب كەڭلىك، غايىب ئىنسان، غايىب مەنزىرە.

1998-يىل 13-يانۋار، ئۈرۈمچى

## شېئرىيەت مەملىكىتى

تىلسىملار تىنمىسى بار دەپ ۋەسلىڭدە،
كېلىمەن قاپقاڭنى توختىماي قېقىپ.
جەننەتلەر كۆكلەيدۇ هامان ئەسلىڭدە،
قېنىڭدا كەۋسەرلەر تۇرىدۇ ئېقىپ.

بىر زەررە نۇرۇڭچۇن مىڭ زەررە بولۇپ،
قىلىمەن ئۆزۈمچە ئىشقىڭنى بايان.
كۆكۈڭدە تولۇنئاي هۆسنىگە تولۇپ،
سېنىڭ هەر مۆچەڭنى قىلىدۇ ئايان.

ئەسەبىي چۇقانلار ئاڭلىنار غۇۋا،
ئوي يۆتكە، دەيدۇ هەم مەشئۇم پىچىرلاش.
ئاپتاپسىز تەسكەيلەر شائىرغا ئۇۋا،
باشلاندى زېمىندا هەيۋەت غىچىرلاش...

غىچىرلاپ تۇرىدۇ زېمىنىنىڭ ئوقى،
تەلقىنگە چۇشىدۇ هەممىلا نەرسە.
تەڭداشسىز هوقۇقتۇر روهنىڭ هوقۇقى،
ئۇنىدۇ ھەتتاكى تاشلارغا تەرسە.

تاغلاردىن يېنىپتۇ ئەكس سادالار،
ۋە لېكىن قەلبىمدە غالىپ سۈكۈنات.

يوللاردا قىلىشتى سەھۋەن-خاتالار،
ئاسماننى قوچۇدى ئۇ سالغان پەرياد.

ياشلىقتەك، سۆيگۈدەك، ۋاقىتتەك، چۈشتەك،
پارلاقسەن، لېۋەنسەن، چىرايلىقتۇر سەن.
ھەممىگە قادىرسەن قۇدرەتتەك، كۈچتەك،
شۆھرەتلەر بابىدا ئالەمگە پۇرسەن.

بوسۇغاڭ ئۈستىگە بېشىمنى قويۇپ،
قىلمىسام ناۋادا بىر كۈن ئىبادەت.
قالىمەن سېنىڭدىن، كۆزۈمنى ئويۇپ،
مىڭ كۈنلۈك يىراقتا (بۇ بىر خىيانەت!)

قوغلىشىپ يۈرىمەن دائىم مەن سېنى،
لەختە قان يۈرەكنى قولۇمغا ئېلىپ.
ئۆيۈمگە ئەۋەتكەن پەرىشتەڭ قېنى،
كەتمىسۇن، قويايچۇ ساندۇققا سېلىپ.

ئەجەپمۇ جىلۋىلىك باقىسەن ماڭا،
بەرگىمدە، شېخىمدا باردۇر قالتىراش.
ھاياتلىق رىشتىسى چىگىلگەن ساڭا،
ۋە ھەمدە
تەڭداشسىز،
مەڭگۈ يالتىراش.

1998-يىل 10-يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئانا تىل

تاغلارنىڭ ئاستىدا، دۆرلار ئاستىدا،
بار دېسە مۆچەڭنى باغرىم ئانا تىل.
شۇ زامان قازىمەن كىرپىكىم بىلەن،
پىل بولۇپ ئۇ تاغلار، بولسامۇ مەن قىل.

دېڭىزلار ئاستىدا، لەھەڭ قارنىدا،
بار دېسە زەررەڭنى ياتقان كۆمۈلۈپ.
شۇ زامان غەرقمەن قايناملار ئىچرە،
ئۇ مېنىڭ بايلىقىم تۇرغان تۆكۈلۈپ.

ئاسماننىڭ قەھرىدە، يۇلتۇز كۆكىدە،
بار دېسە قەترەڭنى جىمىرلاپ تۇرغان.
چوققىلار ئۇزىتار ئۇ يەرگە مېنى،
(مەنزىلگە يېتىدۇ قىمىرلاپ تۇرغان!)

تارىشا پۇتۇكلەر، چىغناق-تارغاقتا،
پۇتۇلگەن بولساڭمۇ بەش مىڭ يىل بۇرۇن.
ئەرنىمدە ئېرتىمەن چاڭلىرىڭنى مەن،
تاشلاندۇق دىگەنگە ئەگمەيمەن بويۇن.

ئۆلىمىز بىز، لېكىن ئانا تىل ئۆلمەس،
كۆمسىمۇ ئون مىڭ يىل بار تېنىدە جان.
ئۇ سېنى تونۇسا، تونۇمىساڭ سەن،
قىيامەت، تاشلارمۇ چەكمەمدۇ پىغان؟!

يەمەنۇ ياسىرىبكە چېكمەن سەپەر،
سېنىڭدىن ئۇ يەردە بولسا بىر قىيىق.
قۇدرىتىڭ ئالدىدا چەپلەرمۇ چەپەر،
تۇيغۇلار پەرۋازدا بىباش، بىتىيىق.

پەخرىمسەن، ئەقلىمسەن، باغرىم ئانا تىل،
جىلۋەڭدىن جىلۋە ئەپ يورۇپ تۇرار دىل.
سازىڭسىز پانىيدىن باقىيغا كەتسەم،
شەپەڭدىن دەس تۇرۇپ تىرىلىمەن بىل.

1998-يىل 11-يانۋار، ئۈرۈمچى

# يامغۇر

ئۆگزەمنى ساۋىدايدۇ يىپەك قامچىلار،
پەرىشتىنىڭ كۆز يېشى ئۇ پەرى تامچىلار.
ھەر تامچىدا ياچىقىلدى بىر ئىپار تۇخۇم،
تىنىقىنى پۇركۇپ ئۆتتى ياكى ئارچىلار.
گۆدەكلەرگە ئوخشاپ قالدى ئانا تەبىئەت،
قاراپ قالدىم چوققىلارغا چاقنىغان ھەيۋەت.
ئېتەكلەردە كۆلكە چاچار لەيلىقازاقلار،
كاسىسىگە تولدۇرۇشۇپ لىپمۇلىپ شەربەت.
قىلدى جاھان مانا ئەمدى پاكلىققا بەيئەت،
ھەر مەۋجۇدات دىل سايلىغان ئاڭا بىر ھەيئەت.
چايقىلىدۇ دېڭىزلاردەك يۇيۇنغان ئورمان،
چايقىلىدۇ يۈرەكلەردە گويا مۇھەببەت.
دېرىزەمنى ساۋىدايدۇ يىپەك قامچىلار،
نەگە چۈشسە شۇندا جەۋھەر،
جەۋھەر تامچىلار.
ساۋىداپ تۇر، قامچىلاپ تۇر، زېمىننى پات-پات،
زارىقتۇرما ھىجرانىڭدا بىزنى ئانچىلا.

1997-يىل ئىيۇن

# بىر قەدىمىم بولدى تېخى مىڭ پەرۋاز

شىۋىرلايدۇ شىۋە قەدىر شاماللار،
جاراڭلايدۇ قۇلاقلارنىڭ ناغرىسى.
يەنە بىر تاڭ بۇ زېمىننى قامالار،
زەر ئېقىندۇر ئۆپۈقلارنىڭ ساغرىسى.
تاغلار گويا ئېقىندىكى ئارالار،
بار ئۇلارنىڭ كۆڭگە ئوخشاش يانغىسى.

كېچىلەردىن ئامان چىقتىم كۈندۈزگە،
ماڭا تەندۇر يەنە بىر تاڭ، بىر ئەسىر.
مەنزىلىم بار مۇز ئارتلاردا، تۇپتۇزدە،
ھەر زەررىدە چاقناپ تۇرار بىر قەسىر.
ئەتە دېگەن كۆرۈنمەيدۇ كۆپ كۆزگە،
(بۇ ئالەمدە كۆڭلى ئەما كۆپ، بەسىر...)

تاش چاينىدىم، تاغ كۆتۈردۈم، تالمىدىم،
باغرىم ئەجەب سەزگۈلەرگە لىق تولدى.
كەچمىش مېنى، مەن كەچمىشنى يالمىدىم،
جەۋلان قىلدىم، قاناتلىرىم تىغ بولدى.
كۆكتىكەنلەر سۇنغان گۈلنى ئالمىدىم،
گۈلى دەرھال رەيھان ئەمەس چىغ بولدى.

ئالۋۇنلارنىڭ باغرىدا بار بىر چىنلىق،
سىڭگەن تاشقا، سىڭگەن تۇپراق، ھاۋاغا.
بۇلۇتلاردىن سىقىۋالغان نۇر ئىللىق،
ئايلىنىدۇ مەڭگۈ پۈتمەس ناۋاغا،
قونماق بولغان ئامەتلىرىم مىڭ تىللىق،
ئوخشايدۇ ئۇ كۆكتىن ياغقان تاۋاغا. . .

كەلكۈن كۆردۈم، كەكلىكىمدىن كەچمىدىم،
بۇقۇلدىسا، جاراڭلىغان مىڭ ئاۋاز.
قۇيۇنلاردا قامغاق كەتتى، كەتمىدىم،
قۇتلۇقلىدى كۆپ يۇلتۇزلار-سەرۋىناز.
ئارچا بولدۇم، قىلچە زىيان چەكمىدىم،
بىر قەدىمىم بولدى تىخى مىڭ پەرۋاز. . .

# ئاق بۇلۇت، قارا بۇلۇت

مەندىمۇ بىر سۇزۇك ئاسمان بار ئەركەم،
سەن ئۇندا دەۋرىگەن مىسلى بۇلۇتسەن.
قارىيىپ كېتىسەن يۇلقۇنساڭ كۆركەم،
ئاقارساڭ تىپتىنچ قىزىل قۇرتسەن.

چۆللەرگە قويۇپ ئوت كۆكلىسۇن گىياھ،
كۆللەرگە قۇيماستىن ئۆتسەڭمۇ مەيلى.
كۆزۈمگە ھومىيىپ قارايسەن قىيا،
ئاسمانغا تارتماسمۇ بۇلۇت خوي-پەيلى.

ھە، شۇنداق كۆللەرگە قۇيىسەن راسا،
چاكىلداپ ياتىدۇ مەندەك باياۋان.
چۇشەرمۇ ئارماننىڭ قولىدىن ھاسا،
ئۇپۇققا يېتەرمۇ يوللىرىم راۋان؟

ئاق بۇلۇت بولغايسەن، قارا بۇلۇت ھەم،
تەشنالار قامچاڭغا ئېرىشسە بولدى.
دولقۇنلار دېڭىزدەك، دېڭىز بول ھەردەم،
شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇڭ كەۋسەرگە تولدى.

# يىلىنجايدۇ شەپەق تۇيغۇلار

باغلىرىڭدىن باغرىمنى ئۈزدەپ،
قەدەم باستىم يۇرتۇمغا ئاخشام.
سىنى تاڭدەك لېۋەن بىر قىز دەپ،
شان تاراتقان ئىدى كۆپ ناخشام.
يۇرەكلەردە ياتار بىر ئىزدەپ،
سۆزلەپ كەتتى تىلغا كىرىپ جام...

دېدىڭ: كەتمە، بولساڭ چىن مەجنۇن،
مەن ئىشقتا چاڭ باسماس لەيلى.
بۇ ھاياتتا قاي كۆڭۈل پۈتۈن،
بىللە ياشاپ، بىللە كۆلەيلى.
سۆزلىرىڭگە بولدۇم مەن مەپتۇن،
قىزغا پۈتكەن مەردلىك تۈپەيلى.

كۆڭۈللەرگە ئوخشاشلا قىممەت،
سۆيگۈلەرنىڭ ۋىسال-ھىجرانى.
ئادەملەرگە مەڭگۈلۈك زىننەت،
ھۆر ۋۇجۇدنىڭ ھالال ۋىجدانى.
قاردەك ياغسۇن قامەتتىن ھىممەت،
بارنى قوغدار ئارنىڭ قىيانى.

قىرىق قەدەم باستىڭمۇ دېمەك،
ھەر كىم ئۈچۈن مېھمانسەن ئەزىز.
مېھمانلارنىڭ غېمىنى يېمەك،
ھەر كىم ئۈچۈن ھەر يەردە پەرھىز.
ياخشى نىيەت ئاچىدۇ چېچەك،
بوينىمىزدا قالمايدۇ قەرز.

ئۇدۇملارنى ئاقتۇردۇڭ ئۇزاق،
چورتانلاردەك سەكرەيدۇ ئۇلار.
چاڭقاپ كەلدىم ئالدىمدا بۇلاق،
قۇچىقىمغا قوندى ئاق قۇلار.
مۇقاملارغا ئۇيىدى قۇلاق،
يېلىنجايدۇ شەپەق تۇيغۇلار...

# ھازا كۈيى

(قەدىردان زوردۇن سابىرغا مەرسىيە)

بىر تاغدا ئۆشتۆمتۆت قالىمەن كېتىپ،
دەيتتىڭىز بۇ گەپلەر راست چىقتى مانا.
جەزتىرناق ھەسرەتلەر يۈرەكنى تىتىپ،
باغرىمدا چاپچىيدۇ تىنماي شۇ تاپتا.

شۇنچىلىك شۇم تەلەي بولارمىزمۇ بىز؟
ئامەتنى ئاپەتلەر چىمدىلار، مورلار.
تىرەنلەر دىللاردا بىر ئەلەم-يىلتىز،
قاچان ۋە قەيەردە ئېرىمەك شورلار؟

شۇ ئالىپ تاغلارغا باقتىم يىراقتىن،
چوققىلار قاتارى سىز كۆتۈرگەن باش.
دەريالار دەۋرەيدۇ ئاچچىق پىراقتىن،
قارا رەڭ تۆكىدۇ كۆزىدىن قۇياش.

ئېگىلدى بويلىرىم، سۇندى روھلىرىم،
شاختىكى ياپراقتەك تىترىمەكتە يەر.
زۇلمەتكە ئايلاندى پىكىر-ئويلىرىم،
بىسىدىن ئايرىلدى قوللاردا شەمشەر.

ئاجايىپ مۆجىزە، ئاجايىپ ھېكمەت،
ئىدىڭىز پارلىغان ئاسمانىمىزدا.
مىللەتنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقان قىممەت،
بوپ كىرگەن ئىدىڭىز ئاستانىمىزغا.

تاڭ ئاتقان كارامەت روھلار ئالەمى،
دۇر تۆككەن سىز بىلەن نەزەرىمىزگە.
ئىزگۈلۈك سىڭدۈرۈپ، كۈل رەڭ نالەنى
چىقارغان ئىدىڭىز ھەزەرىمىزگە.

شۇنداق بىر ئۇلۇغ زات ئىدىڭىز جەزمەن،
ۋۇجۇدتا ئوت يېقىپ، ياشناتقان ئاپتاپ.
داندىكى بىخلاردىن باھارنى سەزگەن،
ۋە تۇرغان تۇنلەرنى سۇبھىدە ئاقلاپ.

چېكىش ۋە مۇرەككەپ ھايات قوينىدا،
ئۆتتىڭىز تەۋرەنمەي ۋىجداننى خەجلەپ.
مىڭ ئۇلۇش تامغىڭىز يىللار بوينىدا،
ئۆكسۈيمەن ھەمىشە شۇلارنى ئەسلەپ.

ياقىڭىز چاك دائىم، چاكلارنى سۆزلەپ،
سىز يۈرگەن يوللاردا ئاقتى دەريا زەر.
ماڭدىڭىز دىللارغا تاڭلارنى كۆزلەپ،
قەدەمدە قادالدى يۈرەككە خەنجەر.

سوقماق ۋە داۋان كۆپ مەنزىللەر ئارا،
دەردلەردىن يىرتىلۇر يۈرەكلەر ھامان.
بىلىمەن، ئادەمگە ئۆلۈم يوللاشتا
دۈشمەنىنىڭ ئوقىدىن دوست ئوقى يامان.

چىنلىقنى، سۆيگۈنى، ئۈزلۈقنى كۈيلەپ،
كۈيلەنمەي، سۆيۈلمەي ئۆلىدۇ شائىر.
شۆھرەتلەر مىڭ غۇلاچ، ئۆمۈر بىر غېرىچ،
غەلۋىردۇر يۈرەكلەر، غەلۋىردۇر ياپىر!

قالتىس بىر تېغىم بار، دەپ يۈرسەم تېخى،
شۇنىمۇ كۆپسىنىپ ئەكەتتىڭ قىسمەت!
ياخشىغا قاتتىقسەن،
يامانغا سېخىي،
ئاشۇمۇ سەندىكى لىللالىق خىسلەت؟

1998-يىل 20-ئاۋغۇست

# ئانا تۇپراق قەسىدىلىرى

1

سەن بولمىساڭ، ئانا تۇپراق، مەنمۇ بولمايمەن،
ئەجەب بۈيۈك يارىلىشسەن، ھەر زەررەڭ خۇدا.
سەنسىز يېرىم، چارەكتۇرمەن، مەڭگۈ تولمايمەن،
مىڭ تۇغۇلسام، مىڭ ئاشىقمەن، ئۆزۈڭگە ئۇدا.

يۇلتۇزۇمسەن، يىلتىزىمسەن، تومۇرلاردا قان،
چاقناپ ئاتقان تاڭلىرىڭدا نۇر ھامان بېتىم.
سەن قەلبىمدە ئۈيۈپ تۇرغان نۇرلۇق بىر پاۋان،
كۈن كۆزىگە سالدىم سېنى كۈندە مىڭ قېتىم.

سۆزلىشىمىز ئىككىمىزلا، تۈگىمەس سۆھبەت،
گاھ چىقىمىز چوققىلارغا، فەزاغا ھەمدە.
ئوخشىمايدۇ ھۆسنلەرگە ھۆسنىڭمۇ پەقەت،
يېلىنجايدۇ بىر مۇقەددەس گۈلخانلار تەندە.

سەندىن پۈتكەن شوخ كۈيلىرىم-ئوت كۈيلەر ئېرۇر،
ياندۇرالاشقانلار چاۋۇرىدۇ، كۆيىدۇ شەكسىز.
سېنىڭ ۋەسلىڭ ماڭا دائىم ۋەسللەر بىرۇر،
تەڭدىشى يوق ئالىپتا ۋە قۇدرەتلىك، چەكسىز.

ھاۋا كېرەك، پاكىز ھاۋا ئاسمان ھەم زېمىن،
قامالىنى بۇزالماس ياۋ مۇھەببەت كېرەك.
ئانا تۇپراق، سەنلا بولساڭ تاپىمىز ئېمىن،
سەن ھاياتتىن،
سەن ھەممىدىن
بېرىسەن دېرەك.

2

خىيال دەۋرەپ دېڭىزدەك ئۇرۇلىدۇ قىرغاققا،
تۇغ كۆتۈرۈپ زەپ ئېسىل سەن تۇرىسەن قىرغاقتا.
چايقىلىدۇ شامالدا دېڭىز قانات ئورمانلار،
شۇ تاپ مېنىڭ باغرىمنى تەكلىماكان تىلماقتا.

ئۇنى سۆرەپ چېچىدىن ئۇلاقتۇردۇم ئۇپقۇنغا،
خۇمار ئىدىڭ ئەزەلدىن سەن دەپ دېڭىز، دولقۇنغا.
-باغرىمدا بار مىڭ دېڭىز، -دېدى ياڭراق ئۇندە ئۇ،
تاشلىرىڭغا يازغىن دەپ ئىملاپ قويدۇم ئورخۇنغا.

ئالتۇن غۇنچە ئىچىدە چۇشلىرىڭگە يېپىلىپ،
ئېلىپ باردىم ئۇلارنى مەن تاڭلارغا تېۋىنىپ.
يوللىرىمدا نۇرلاردىن چاقناپ كەتتى مىڭ گۇمبەز،
ياندىم ئولجام بىھېساب، شولىلارغا قېپىنىپ.

پېشانەڭ بار ئۇپۇقتەك، مۇھەببەتتەك، ئاسماندەك،
يۈرىكىمدە ئېرىتمەن، قونالمايدۇ ھېچ غۇبار.

سەن تۇرساڭمۇ ئۆشنەمدە بىلىنمەس قىل باسقاندەك،
پىيادىسەن ھەر جايدا، ئەمما ھامان شاھسۇۋار.

ئوت تۇيغۇلار داۋالغۇپ، چېچىلار ھەر گىياھقا،
(بىزنىڭ گىياھ دانىشمەن ئوقتۇر ھامان رىياغا!)
ئۆلسەم جەڭدە جان بەردىڭ، موڭايغاندا پاراغەت،
شۇڭا ھەردەم غۇرۇرۇم قوندى كۆككە، قىياغا.

1998-يىل 10-دېكابىر

# كۆكلەم ـ كۈي

1

سۆيگۈ چېچىپ كەلمەكتىسەن گۈلشەنلەر ئارا،
ئاياز چاچقان دەلۋە ئەمدى كەتتىغۇ كايىپ.
ياندى قىيا، كۆلدى سايلار، ئەگىزلىك دارا،
ئۇپۇق ئۈز رەڭ، رەڭ ئاجايىپ، يەللەر ئاجايىپ.
تاڭ كىرمەكچى، سەن كىرمەكچى بىلدىم ئۆيۈمگە،
سۇرۇلمەكتە باش ئۈستۈمدە ياپپېشىل ھاۋا.
كەۋسەر مەنا قۇيۇلماقتا كۆڭۈل كۈيۈمگە،
سوزغىلايدۇ كۆرتەكلەرنى يىلتىزدىن ناۋا.
ئەجەب شېرىن چۈشلىرىمنى ئەكەلدىڭمۇ سەن،
ئەجەب ئىسسىق ئەزىمەتلەر كۆزۈمدە ئايان.
كەچمىشلەرنىڭ ئالتۇننى ئىلغاپ ئېلىپ مەن،
غەلدە-غىشىن تاشلىۋەتتىم سازلىقلار سايان.
ئىز گۈلۈكلەر كەلدى دەۋرەپ، قاقتى دېرىزە،
يەشمى ئۈچۈن مانا مەن دەپ تاشلاندى قۇياش.
باغرىم ئۈچۈن باغرىم كۆيگەن ئۆچمەس دەقىقە،
سۆيۈنۈشۈم بولدى شۇئان كۆزلىرىمدە ياش!
قىيالاردىن سىرىلدى نۇر، سىرىلدى ئاپتاپ،
تۇرنىلارنىڭ دىلىدا نەي، تىللىرىدا نەي.

گۈزەللەرنىڭ ماڭلىيىدا يۇلتۇزلار چاقناپ،
يۈرەكلەردە ئىشتىياقلار گويا قىيام، مەي!

## 2 ـ

تالاي تولغاق ئازابىدىن تولغاندى دۇنيا،
شىۋىرغانلار، ئاپئاق قارلار بەلكى بىر پىغان.
جۇلغىماقتا بار مەۋجۇدات شۇ تاپتا گويا،
ئايان ئەنە بىر پەرىشتە، پەرىشتە بىر جان!
ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە تازا زەن سالدىم،
ئوخشىمايدۇ بىر-بىرىگە ھەر بىرى پەقەت.
ھەر بىرىگە باشقا-باشقا يارقىن ئەن سالدىم.
ئىزى ئۇنىڭ شەربەت-شەربەت، شەربەت موھەببەت؛
لايلانمىغىن كەڭرى ئېقىن توزمىسۇن چېچەك،
بەرگىلەرنىڭ ئېيتار سۆزى تېخى مىڭ داستان.
باغلىرىمغا باغ كەيپىيات يايماقتا ئېتەك،
قۇچىقىنى بىر سوۋۇماس ھارارەت باسقان!
نودىلاردىن ھېكمەت چىقىپ، كۇلۇپ تۇرۇپتۇ،
ئاڭلايمەن-دە يۇلتۇزلارغا قوشۇلار بېشىم.
ئانا يەرسىز بىزگە توينى كىملەر قويۇپتۇ،
دومىلايدۇ سېنىڭ بىلەن تېرەككە تېشىم.
چىڭقالمىدىم كۈيگە يەنە ئات سالغىنىمدا،
قاپىيەمۇ، سۆزلىرىمۇ مەڭگۈ تۈگىمەس.
كۆكلەم بىلەن ئۆزۈم كۆپسىز تاق قالغىنىمدا،
يەنە قىيان كۆڭۈلدە كۈي پەۋەس ۋە پەۋەس!

3

قەيەرلەردىن كېلىسەن، قەيەرلەردىن،
قانچە دېڭىز، قانچە تاغ ئارتتا قالدى؟
قانداق ئۆتتۈڭ قانداقچە تەۋەلەردىن،
قانچە ئاسمان، قانچە يەر داغدا قالدى؟
قانچە ئىقلىم ئورناتتىڭ ئىقلىمىمغا،
قانچە قايماق مۆجەزلەر تاغدا قالدى؟
تىقىلدىغۇ ئىپارلار دىمىغىمغا،
قانداق پۇراق، قانچە خىل، باغدا قالدى؟
تاشنىڭ تىلى-قاتتىق تىل، چېچەكلەتتىڭ،
كەكرىلەرنىڭ ئەس-يادى باغدا قالدى.
چۆلدە يەلگە ئىپار پىل يېتەكلەتتىڭ،
بۇلبۇل بولۇش ئىستىكى داغدا قالدى.
سەن ئالمىغان قامالنى بىلەلمىدىم،
مۇز ئارتلارمۇ چايقالغان چاغدا قالدى.
ساڭا مەست بوپ كۆپ تويغا كېلەلمىدىم،
سەندىن ئاققان ئىلھاملار جاغدا قالدى.

1997-يىل 16-مارت، ئۈرۈمچى

# تاغ ناخشلىرى

1

ئەس بىلىپلا سېنىڭ بىلەن سالماق تالاشتىم،
ئەسلى بىلسەڭ سەپداش ئىدىم، ساڭا قاياشتىم.
تاغلار بىلەن تاغ بوپ يۇرگەن بىر ئوغۇل ئىدىم،
قىر-ئېدىرلار ھەزەر قىلغان ماڭا ئاياشتىن.
تاڭلار بىلەن سۆزلىشەتتىم ۋە دەيتتىم ئاڭا:
كىرسەڭ كىرگىن دېرىزەمدىن، كىرمە ئاراشتىن.
شامالدارلا ئۇچسا ياپراق شاختىن ئايرىلىپ،
دېگەن باغرىم، ھەي-ھەي ئىسىت، يولدىن ئاداشتىڭ.

2

قار-مۇزلۇق چوققاڭ بار كۇمۇشتەك يانغان،
ھەنىۋا ھوزۇرنى باغرىمغا تاڭغان.
چوققاڭنىڭ ئېگىزلەپ تۇرغىنى ياخشى،
كارۋانلار سىڭارى توختىماي ماڭغان.
مەن يازار ھېكمەت شۇ ماڭلىيىڭ ئۇزرە:
«ئالغا باس! ئىلگىرىلەش قەيەردە چانغان؟»

3

ياپيېشىل قارىغايلار سەپ-سەپ قاراۋۇل،
تۇرىدۇ ئاسمانغا ھەيۋەتتى چاچراپ.
بۇلۇتلار چىپىشار مىسلى ياساۋۇل،
تۇرالماس بىر جايدا چېقىنلار قاتراپ.
دەھشەتلەر يېغىنىدەك يېغىپ تۇرىدۇ،
كەتمەكچى قىيادا شاخلارنى قاتلاپ.
ئۇلارنىڭ باغرىغا قول سالدىم تاڭدا،
تىترىگەن ياپراقلار ۋەسلىنى يادلاپ.
جاسارەت تارامدۇ سەندىن يا مەندىن،
گۈزەللىك ئىزدىگەن ئەي سىنچى دوستۇم،
تامغا باس قارىغايغا كەتمىگىن ئاتلاپ.

4

چېچەكلىگەن سىرلىرىڭ بار قەلبىڭنى باسقان،
تەمە قىلار ئېيتارمۇ دەپ ھەمىشە ئاسمان.
تىكىلىدۇ كۆزلىرىڭگە يۇلتۇزلار دەۋرەپ،
(بىر ئېغىز سۆز بىر ئېغىزدا بولىدۇ داستان!)
يۆتكەلمەيدۇ دەم يېمىگەن ئويلار كۆڭۈلدىن،
سەنمۇ تىلسىم، مەنمۇ تىلسىم ئالەمدە ياتقان.

5

تاغلىرىم، دەپ ئاتىغانتىم ئاتام، ئانامنى،
قېرىنداشىم، جان دوستۇمنى جاندەك جاناننى.

ئايرىلمايمىز بۇ پانىيدا ھامان ئىككىمىز،
تا يەڭگىچە ئاق قارىنى، ياخشى - يامانىنى.
بۇ سۆزۈمنىڭ ئىمان كەبى راستلىقى ئۈچۈن،
سېنى يۇدۇپ، ئەگىپ چىقاي پۈتۈن جاھانىنى.

6

سەن تەمكىن تۇرسەن، روھلىرىڭ ئۇچار،
ئېسىركەپ ھەممىنى، ھەممىنى قۇچار.
تارازا بېسىشنى ئۆگەتمەكچىسەن،
خىسلىتىڭ ھەممىشە كۆكسۈمنى تۇتار.
ئۆمۈردە چاقنىماس تالاي قىسمەت بار،
بىر ساڭا باغلانغان بەربىر ئۇ تار.
بىر ساڭا بەخشەندە كۈيلەر ئۆزۈڭدەك،
تايغاقلار ھەممىشە پۈشايمان يۇتار.

7

زامان چەكسىز، ئۆمۈر چەكلىك، لەنەت ئوقۇيمەن،
ساڭا ئوخشاش بۇ قىسمەتنى ھامان يەڭگۈلۈك.
يۈرىكىڭنى باسقان تاشتىن كۈيلەر توقۇيمەن،
بۇ زېمىننىڭ ئاسمىنىدا ئۇچقان مەڭگۈلۈك.
پىرى دېدىم سېنى كۈينىڭ، ھېكمەت چوقۇيمەن،
كەلسە كەلسۇن بۇ جاھاندا ماڭا كەلگۈلۈك.

8

مېھرىگىياھ، سۆيگۈ گىياھ، گىياھى ئىمان،
يەنە نۇرغۇن جان ھوزۇرى ئالىپ گىياھلار.
تىنىقلارغا ئېپار يۇكلەپ تۇرىدۇ پىنھان،
(بۇ سىرىڭنى ماڭا سۆزلەر ياقۇت قىيالار)
گۈلئارايلىق يەتكۈزۈشتى چۆللەردە ھامان،
چوققاڭدىكى ئەسرىي ھىممەت كۈمۈش زىيالار.

9

سېنى سۆيۈپ، ساڭا كۆيۈپ ئۆتتى بىر مەلەك،
شۇڭا ئۇنى ئۆز قەھرىگە مىندۇردى پەلەك،
ھەر ئاخشىمى تولۇنئايدىن كۆرىمەن ئۇنى،
كۆرۈندۇ نۇرلۇق، لېۋەن ھەممىدىنمۇ بەك،
«شائىر دېگەن يالغۇز» دېگەن بىر دەردمەن شائىر،
شائىرمۇ بىز؟
سەن يەكمۇ يەك، مەنمۇ يەكمۇ يەك.

# تۆندىكى ئۆندەرەشلەر

لايقا، دۇغ خىيالدىن قاچان قۇتۇلۇپ،
يارقىن بىر كەڭلىككە قاچان چىقىسەن؟
سۇپسۇزۇك تاڭلارغا مۇتلەق ئۇتۇلۇپ،
شەپەق يار مەنزىلگە قاچان يېتىسەن؟

گۆدەكلىك كۇنلىرىڭ كەلمەسكە كەتتى،
شۇ قۇيما خۇيلارغا ياراشماس قۇيۇن.
شەيتانى شەۋققە شىۋە قەدر يەتتى،
ئەمدى بەس، ئوي بىلەن بولىدۇ ئويۇن.

ئاۋايلاپ باسقۇلۇق ئەمدى قەدەمنى،
ئىدىتلىق بولغىنى ياخشىدۇر ئىمكان.
قەلەمگە تېگىشتىم ھەممە ئەمەلنى،
جىنىمدىن ئايرىلار جاۋاھىر جاھان.

ھەسرىتىڭنى بۆلۇپ ئالار كىشىڭ يوق،
جەۋھەر بولساڭ جۇپ بولىسەن جەۋھەرگە.
جۇپى بىلەن يارىتىلغان ئادەم يوق،
يالغۇزدۇرمەن يالغۇز چىققان سەپەرگە.

سەن زارىققان ساڭا ھەرگىز كەلمەيدۇ،
مەشۇقى يوق ئاشىقتۇرسەن سەن گويا.
تەقدىر ساڭا سورىغاننى بەرمەيدۇ،
شۇڭا پانىي ئاتالغان-دە، بۇ دۇنيا.

ئۆز ۋەزىنىڭدە ئۆلچەنمەيسەن ھېچقاچان،
ئۆز ئەكسىڭدە قويۇلمايسەن كېرەككە.
يۈرگەنگە يوق، يانقانلارغا شەرەپ-شان،
ھەسرەت چۆكەر تۆگىلەردەك يۈرەككە.

تۆگىلەرنى تۇرغۇزارغا دەرمان يوق،
ئېغىر تىنىپ، جەك قىلىسەن ھاياتنا.
ئېغىر يۈككە يىگىت جېنى تەسەددۇق،
يۇمشاق تۇرساڭ يەم بولىسەن ماماتقا.

ئۇرانىڭنى ئويغىن تامغا، تاغلارغا،
گەۋدەڭنى كەر، يوق كەينىگە تىقىلما.
ياش تۆكسەڭ تۆك گۈللەرگە ۋە باغلارغا،
ھەسرەت چەككىن، مۇھەببەت يە، يىقىلما.

* *

ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ئادەملەر، يەر-جاھان،
تۇرىدۇ تۇختاۋسىز ئۆزگىرىپ.
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دوست، جانان،
ھەيرانمەن، كېتەمدۇ كۆز تېگىپ.

تۇنۇگۇن شاخ كەبى ئېگىلگەن بىرلىرى،
قانداقتۇ قاپتۇغۇ گىدىيىپ.
يوق ئەمدى سەبىيدەك سىرلىرى،
بىر دەمدە قاپتۇغۇ ھىجىيىپ. . .

جېنىڭنىڭ رىشتىسى ئۈزۈلسە،
ئۈزۈكتىن ئېلىشار ئۈزۈكلۈك.
ئېلىشتىن تۇزۇملەر تۇزۇلسە،
يىراقتا قاپتۇغۇ تۇزۇكلۇك. . .

ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ئادەملەر، يەر-جاھان،
ئىزگۈلۈك يىلتىزى ئەسلىمىز.
ۋاپاغا باي ئىدى دوست، جانان،
سۆيگۈدىن يارالغان پەسلىمىز. . .

ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ئادەملەر، يەر-جاھان،
ھىلىمۇ يىپشىلرەك نەسلىمىز.
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دوست، جانان،
ئۆزگەرمەس ئادەمدۇق ئەسلى بىز.

ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ئادەملەر، يەر-جاھان،
كەلمەيدۇ قىمارغا جانلارنى تىككىمىز.
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دوست، جانان،
ئۆزگەرمەي قالدۇق بىز ئىككىمىز.

*                    *

چۆككەن ناردەك تۇن چۆكتى ئىدىرلارنىڭ ئۈستىگە،
يۇلتۇز كۆزلەر قادالدى يۇلتۇزلارنىڭ ھۆسنىگە.
سانسىز تىلسىم سىرلار بار قارا تۇننىڭ كۆكسىدە.

تۇن يىپىنىپ كېلىمەن تۇن يىپىنغان يوللاردا،
مەن يىتتۇرگەن ھېكمەتلەر مۆككەن ئوڭۇ سوللارغا،
تاپشۇر تۇننىڭ پەردىسى، چۇشلىرىمنى قوللارغا.

يېرىلى تاشتەك يېرىلىپ، تۇن كۆرسەتتى كارامەت،
باللىقىم باغرىمدا قىلماقتىدى پاراغەت،
قۇچىقىدا جۆرىسى، ۋۇجۇدىدا بالاغەت.

*                    *

كەچمىش دېگەن بىر دەريا، كەچمىشنى كەچتىم ئايانماي،
ھەيرەتتىمەن، ئۇنىڭغا كېچىكتىن چىقىپ قايتالماي.
قالتىس يۇلتۇز بار ئىدى ئۇنىڭ سۇزۇك كۆكىدە،
تولغىنىمەن ئەمدى مەن ئۇنى زىنھار تاپالماي.

كەچمىش دېگەن بىر جەننەت، بىر دېمى مىڭ خۇمارلىق،
ئاسقان ئىدىم بويىنىغا مىڭ ئايەتتىن تۇمارلىق.
قالتىس پەرى بار ئىدى ئۇنىڭ شاھلىق تۆرىدە،
ھەر بىر سۆزى ئالەمىي لېۋەنلىككە شۇئارلىق.

كەچمىش دېگەن شېرىن چۈش، قايتىلانماس، ئالدانماس،
نۇرى ئۆنىڭ مىڭ ئاسمان، بىسى ئۆنىڭ مىڭ ئالماس.
قالتىس سۆيگۈ بار ئىدى تەن-تېنىدە ئۇنىڭكى،
كۆيۈكىنى ھەر زامان ھەر نېمەرسە باسالماس.

كەچمىش دېگەن گۈزەللىك، خوشلىشىسەن كەلمەيدۇ،
بۆل دېسەڭمۇ كۆڭلۈڭنى ھەرگىز كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.
قالتىس گۈزەل بار ئىدى شۇ گۈزەللىك ۋەسلىدە،
يالتىرايدۇ ئەس-يادىم گۈزەل مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

1999-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ئۇچرىشىش

تولۇنئاي سۇ بولغان سۇتتەك بىر كۆرپەز،
شېخى بار قولۇڭدا زەيتۇننىڭ يۇمران.
دولقۇنلار ئۆرلەيدۇ كۆكلەرگە مىڭ گەز،
بۇژغۇنلار قىرغاقتا مىڭ يىللىق گۇمران.

ئاسمانلار دېڭىزدۇر، دېڭىزلار ئاسمان،
ياپيېشىل تاۋاردەك لۆمشۇيدۇ سۇلار.
ئاسمان ۋە دېڭىزنى باغرىغا باسقان،
كۈيلەرنىڭ مەۋجىدە تۇرغان ئاق قۇلار.

ھېسابسىز يۇلتۇزدۇر قوينى ۋە قونچۇڭ،
چاچىسەن، چاچىسەن، چاچقۇ ھەممە يەر.
شولىلار ئىچىگە غەرق بولدۇق بىز،
مىليون يىل، مەھشەرگاھ كۈنگە قەدەر.

بېلىقچىن توپلىرى ئېتىلار ئوقتەك،
تاڭيارىن باغرى بار بېلىقلارغا ھەم.
كۆڭۈللەر تېپتىنچ ھەسرىتى يوقتەك،
ئۇچراشقان ئەسنالار نېمانچە كۆركەم.

كۆزۈمنى ئاچمايمەن ئويغانساممۇ مەن،
ئېرىگەن چۈشۈمنى چاقىرىپ يەنە.
ئوڭۈمدا ھىجراندىن تولغانساممۇ مەن،
چۈشۈمدە ۋىسالدىن قىلدىم تەنتەنە.

*　　　*

ـ مەھكەم بول، قىيا تاش-يارنىڭ غولىدى،
بېشىڭدا پاناگاھ يارىم غولىدى.
دىلداردىن ئايرىلدىڭ، يارنىڭ غولىدى.

تاغلاردىن كەلدى ئۈن، كەلدى بىر سادا،
تاشلارمۇ تىپشىپتۇ يۈرىكى ئادا.
(شاھىدىن ئايرىلدى مىسلى بىر پادا.)

ئەتىرگۈل بۇي تۆكتى، تۆكتى كۆپ ئىپار،
كېپىنەك پىلدىرلار، قانىتى چىپار.
زىكرىدە ئىسمىڭغۇ! يۈرەكنى سىيپار.

زەھەرلەر تارىتار باغرىمدا يارا،
ھەسرەتلەر تارغىقى جېنىمنى تارا.
تاش سۇندى، تاغ سۇندى، سۇنمىدى قارا.

*　　　*

كۆيلىرىڭدە ئۆزگە دىلدار بار،
ئۆزگە لەرزە بېرىدۇ ماڭا.

ئوقۇمايمەن كۈيۈڭنى زىنھار،
بۇ مىجەزىم ئاياندۇر ساڭا.
قاپىقىڭدىن لەپىلدەيدۇ قار،
نېمە بەۋا كېلەركىن ساڭا.

ۋۇجۇدۇڭدا تالاي ھۆجەيرە،
ھەر بىرىدىن پەيدا مىڭ پەرى.
ھەر پەرىدىن مىڭ بىر كۈي پۈتسە،
قانداق يەتسۇن كۈيۈمنىڭ بەرى؟
مېنى سەندە تالاي قىز كۈتسە،
سېنىڭ ئەمەس كۈيۈمنىڭ نەرى؟

1999-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## «تەڭرىتاغ شاماللىرى»نىڭ بەت چۆرىسگە يېزىلغان شېئىرلار

شاخارىغان چىرايلىق چىنار ئىدىڭ مەن بىلسەم،
پالتا تېگىپ غولۇڭغا ئاياۋسىزلا كەسلەندىڭ.
كۆك كاھىشلىق، نەقىشلىك ئىمارىتىم دەپ يۈرسەم،
خاراب بولۇپ، ئاخىرى خارابە بوپ ئەسلەندىڭ.

ئىمەنلەرنى يۇلۇپ ئېپ، ئەمەن تىكىپ قويۇپتۇ،
خۇش پۇراقلار شۇ زامان بەدبۇيلارغا ئايلاندى.
نەشتەر تۇتقان نەشتەر قول ئۆزەك، كۆزنى ئويۇپتۇ،
مەيىن شامال شۇنداق قىپ بورانلىققا سايلاندى.

قان يىغلىدىم ھالىڭغا، شۇنچە، پايمال بولامسەن؟
يورۇق كۆرمەي گۈللىرىم شۇنداققىنە سولامسەن؟
تولۇن ئىدىڭ بىر تولۇق، ھىلال بولدۇڭ كۆپ جۇدەپ،
بىر كۈنلىرى ھۆسنۇڭگە قايتا يەنە تولامسەن؟

*　　*

ئۇستىخان يېرىپ چىققان چېچەك، قىزىلدەك،
ۋەسلى ئوتقاش، ئوتقاش مۇھەببەت.

قۇلۇله باغرىدا قاتقان مەرۋايىت،
قارىچۇقلاردا چاقنىغان ھەسرەت. . .

ئالماس چوققىلاردا يانغان ئاپئاق قار،
قاپقارا تاشلاردا ئۇنگەن كۆي، شەپقەت.
يۇرەك ئىچرە ياتقان بىر دىلدار،
پەرىشتىلەر قۇسقان نۇر، سەنئەت. . .

شەيئىلەر ئۆزىكى ئاتقان بىر ئوقسەن،
بۇلۇتسىز ئاسماندىن ياغقان بىر يادا.
قەسىرلەر ئىشىكىن چېكمشتە يوقسەن،
دوستلاردىن، دىلداردىن قايتماي، تاغلاردىن قايتقان سەن ئاۋاز،
سەن بىر ئۇن،
سەن ئەكس سادا.

* *

قەددىم سۇنۇپ، قەلبىم سۇنۇپ، قەلىمىم سۇنۇپ،
ۋۇجۇدۇمنى چىلبۆرىدەك دەھشەت باسقاندا،
كۆرۈندۇ سامان يولى زۇلمەتنى يۇنۇپ،
قەلبىم ھەمدە قەسىرىم، ھەمدە قەددىم ئاسماندا.

تۆكۈلدۇ ئاپئاق قارلار، ئاپئاق چېچەكلەر،
سىنىسىز قاقشال شاخلىرىمغا، بەرگىلىرىمگە.

تۇيغۇن روھلار چىمەنلەرگە كورنى يېتەكلەر،
ئەرك بېرىپ ھەسرەتتىنكى تەركلىرىمگە.

پىچىرلايدۇ قۇلىقىمغا غايىب بىر بولمىش،
تاغدەك ئېغىر بىر مەنىنى كۆتۈرگەن ئاۋاز:
گۇل بېغىڭدا مىرزىگۇل، ياق خىزىرگۇل سولمىش،
سۇلۇشلىرى ئاھ-پەريادسىز، ئەجەب سىرۋىناز.

چىقتى بۇلۇت غىلاپىدىن ئاپتاپ خەنجىرى،
قىزىلگۇللەر كوي تۆكوشتى تۇزنىشىپ چىراي.
سۆرەلمەكتە ئەس-يادىمنىڭ ئالتۇن زەنجىرى،
تىرىلمەكتە ئۆلگەن كۇنلەر، مۆجىزىدۇر ئاي.

*　　　*

مېنىڭ بېشىم ياستۇقتا، سېنىڭ بېشىڭ تورۇستا،
ئاق راۋاقتا ئاق پەرىشتە چۇشى باشلىنار.
ئاق ئۇمىدنىڭ كۆزى يورۇپ ئاپئاق ئۇپۇقتا،
بىزگە گۇل قىپ، خازانلىرى ئارتقا تاشلىنار.

تەبىئەتنىڭ خۇي-پەيلىدە مىڭ بىر ئۆزگىرىش،
ھەر ئۆزگىرىش ئەسلى ۋاپا، سۆيگۇگە شەيدا.
يامغۇر، بوران، چېقىنلاردا بارسەن چىڭكىرىش،
قاردا قاردەك ئاق پەرى بوپ بولىسەن پەيدا.

* *

سۆيگۈنىڭ تامغىسى يۈرىكىم دائىم ،
ئېچىلغان يۈرەككە تىنماي بېسىلار.
سۆيگۈسىز يۈرەكتە قىيامەت قايىم،
رىسقىڭغا پۈرچاقسەن هامان قېسىلار.

گۈل تەردۇق قەلبىمنىڭ دالالىرىغا،
دېمەككى، گۈللۈك بىز، گۈللەر ئېچىلار.
هاۋانىڭ تەركىبى ئىپارغا سايدى،
ئىشىكتىن، تۈڭلۈكتىن ئىپار چېچىلار.

* *

ئاياغلىرىم يول، مەنزىلدە، كوچا، مەلىدە،
چاپمۇچاپ بىز، قارشىمدا سەن، تۈگىمەس مېڭىش.
دەسلەپكى خۇش پۇراقلار شۇ پېتى سەندە،
پۇرايمەنا ئىپاردا يوق سېنىڭدىن تېنىش.

تاغلىرىمدىن يامرىغاندا تاڭلار تاڭدا سەن،
قاچقان ئامەت، ئىلهاملارنى كېلىسەن هايداپ.
قوللىرىمغا تۇتقۇزىسەن شەربەت جامدا سەن،
ياشلىق يەنە جۇش ئۇرىدۇ يۈرەكلەر يايراپ.

قىزىلگۈللەر، ئەتىرگۈللەر، كۆركىلىك كۆكلەم،
قارىچۇقۇمغا سىلىپ تۇرار دائىم هۆسنۈڭنى.

جەننەت سۆيگەن پەرىشتىلەر نەقەدەر كۆركەم،
كۆركەملەرگە تالىق سەۋدا تۇتتى كۆكسۇمنى.

*　　　*

بىز ياشاپ كېلىمىز چىگىش تور ئارا،
چىگىشلىك تۇگۇنلەر هامان تېپىلار.
نۇر چۇشمەس بۇرجەكلەر هامان قاپقارا،
سۇتتەك ئاق يۇزلەرگە قارا چېپىلار.

سۆيگۇسىز زېمىندىن قورقسام، غەم يېسەم،
قۇللۇقتىن قوتىيىپ، بېشىم بېسىلار.
ئۆچكەن بىر چىراغنى پەرلەيمەن دېسەم،
قولۇمغا شۇ زامان شەيتان ئېسىلار.

1999-يىل ماي، ئۈرۈمچى

# ھەسەل ھەرىسى

ئاجايىپ قىسسىلەر ئاڭلىدىم (ھەيران)،
ئاشىقلىق ئاغزىدىن سىيىنىڭ ھەققىدە.
قۇدرىتىڭ تاغلارنى قىلاركەن ۋەيران،
مىليون تاغ بار ئىكەن تىرىق تەققىدە.

پاكلىق ۋە جاسارەت، ۋاپا ۋە چىدام،
نەرىڭدە تۇرغاندۇ بۇنچىلىك پەۋەس.
سۆيگۈمۇ سۆيگۈڭدەك گەر بولسا قىيام،
ئۇ مېنى، مەن ئۇنى يەمدۇق مەست-ئەلەس؟

بىر مىسقال ھەسەلگە بولاركەن بەدەل،
بىر ئۆمۈر جەۋھىرى لېۋەن ۋە ھالال.
ۋەدىگە كىم سەندەك قىلىدۇ ئەمەل،
كىم سەندەك ئۆزگىچە بولىدۇ تال-تال؟

ئەرزىمەس تېنىڭدە دۇنيادەك ھېكمەت،
خىرىس قىپ ياشايسەن بىزلەرگە دائىم.
قۇيۇلار تىلىڭدىن دېڭىزدەك ھىممەت،
(ھىممەتسىز جانلاردىن ساقلا خۇدايىم!)

قىرىق مىڭ ئالەمگە تارتىپ كەۋسەر،

قىرىق كۈن ياشايدۇ دەيدىغۇ سىنى.
ياخشىغا كۆرۈم يوق. . . راستكەن-دە، دىلبەر،
تارقىماس ھەسرەتكە قويدۇڭغۇ مىنى.

بال ئەمەس، ئۇغىنى توشۇغان بولساڭ،
قىرىق يىل ياشايتتىڭ، ياشنايتتىڭ گۈللەپ.
قۇت ئەمەس، پېشكەلگە بارچە تولساڭ،
چەك يوقتى ئۆمرۈڭدە،
كېتەتتىڭ توۋلەپ.

1999-يىل ماي، ئۈرۈمچى

# ئەسلەش

تاڭ نۇرىغا ئوخشايسەن، تاڭ نۇرىدۇر ئەس-يادىڭ،
تاڭدا كېتىپ، تاڭ بىلەن كەلدىڭ مېنىڭ ئالدىمغا.
نۇرنىڭ كۆيى ھەمىشە سېنىڭ چەككەن پەريادىڭ،
نۇردىن پۈتكەن باغرىڭنى ياقتىڭ زۇلمەت باغرىمغا.
ئاقىرىپ ياتتىڭ ياپيېشىل ئارچىلارنىڭ بەرگىدە،
ئارچىلارنىڭ قەددىدە سېنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم.
قايىل بولماي كېلىمەن تەقدىرنىڭ بۇ تەركىگە،
ھەسرىتى يوق كىشى يوق، ھەسرەتلەرگە ئۆزلەشتىم.
چوققىلارنىڭ ئۈستىدە ئۈچتۇڭ دائىم قول بۇلغاپ،
ئاق ئىگىندە ئوخشايسەن ئاق گۈللىگەن ئۆرۈككە.
ئايىغىڭدىن ئاققان نۇر ئۇسسۇل ئوينار بەل تولغاپ،
(ھايات قاچان ئېرىشكەن بۇنداق گۈزەل كۆركىگە؟!)
چىمەنلەردە چىمەن سەن غۇلاچ يايغان چۈشىمان،
ئىلگىرىكىدەك يەنىلا قۇچاقلىشىپ تويمايمىز.
گۇناھلاردىن، غەملەردىن پاكىزلانغان قۇشىمان،
لەززەت يۈكلەپ دەملەرنى ھەرگىزمۇ بوش قويمايمىز.
گۈل تۈۋلىگەن ئېدىردا سەۋدا چېكىپ ھەرئاخشام،
گۈلدەستە قىپ كۆتۈرەر گۈلگۈن-گۈلگۈن گۈل سېنى.
سادا قويۇپ قۇلاققا ياشلىقتىكى شۇ ناخشام،
سەن سالغان ئوت كۆيدۈرۈپ، يەنە قىلار كۈل مېنى.
پەلەمپەيلەر سوزۇلغان، پەلەمپەي كۆپ ھاياتتا،

ھەر پەلەمپەي ئالدىدا سەن تۇرسەن بىراقتا،
تامدىن چىقتىڭ پەردەك، كۆكتىن چۈشتۈڭ ۋەھىيدەك،
شۇنداق چىقىش بولمىسا، قانداق تۆزەي پىراققا.
ئەسلەش دىگەن قانداق كۈچ،
قانداق قۇدرەت تەڭداشسىز،
ئۇ ئوخشايدۇ تۇندىكى يانغان يالغۇز چىراغقا.
مۇمكىن ئەمەس مەنزىلدە سەپەر چەكمەك چىراغسىز،
كېتەلمەيسەن ئورنۇڭدىن بىر قەدەممۇ يىراققا.

1999-يىل 8-مارت، ئۈرۈمچى

# ئاق يۇلتۇز

يوللارسىمان سوزۇلغان بۇ ئۆمرۈمنىڭ ئۇستىدىن،
شولا سۆرەپ كەلگەنىدىڭ سەن يېگانە ئاق يۇلتۇز.
ئاپئاق-ئاپئاق چېچەكلىگەن چېچەكلەرنىڭ ھۆسنىدىن،
ھامان دەيتتىم، بەختىم ئاسمان، سەن ئۇندىكى تاق يۇلتۇز،
ئالتۇن كوكۇل، ئالتۇن يايلاڭ بويلىرىمغا ئورالغان،
جان يايرايدۇ قاناتلىنىپ قانچە مەھكەم بوغۇلسام.
باغرىم مېنىڭ بويىقىڭدا مەڭگۈلۈككە بويالغان.
تۇغۇلىمەن سېنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر رەت تۇغۇلسام.
كىرپىكىڭدىن تۆكۈلگەندە تىلسىماتتەك ياغدۇلار
سەندىن ئەمدى يېڭى بىر جان، كەۋسەرسىمان دەملەرنى،
خۇيلىرىڭدىن يايراپ كەتتى ئايدىڭ كۆلدە ئاق قۇلار،
كۆڭۈل يارام خەقتىن ئەمەس، سەندىن تاپتى ئەملەرنى.
بالىلىقىم، يىگىتلىكىم سىڭگەن ساڭا يامغۇردەك،
بىلىمەنكى، سەن ئۇلارنى نۇر ئىچىدە ساقلايسەن.
مۇھەببىتىڭ دائىم قىسسا مېنى خۇددى ئامبۇردەك،
ئۈمىدىمنى ھەر قەدەمدە، ھەر دوقالدا ئاقلايسەن.
ئاھ، ئاق يۇلتۇز، ئاھ، ئاق يۇلتۇز تەقدىرىمنىڭ يۇلتۇزى،
تالاي باسقان قارا تەلەي يورۇقۇڭدا ئاقاردى.
سېنىڭ كۈلكەڭ، سېنىڭ جىلۋەڭ ھاياتىمنىڭ يىلتىزى،
ماڭا كەلگەن دەرد-ئەلەملەر سېنىڭ بىلەن تاتاردى.
ئاھ، ئاق يۇلتۇز، ئاھ، ئاق يۇلتۇز بارلىقىمنىڭ ئۆزىسەن،

كۆيۈكلەردىن كۆيۈپ چىققان كۈيلىرىمنىڭ كۆزىسەن.
ئالما بولدۇم ئالقاندا، ئېگىلمەستىن تىك تۇردۇم.
مەن ياڭراتقان ناخشىنىڭ ئاھاڭىسەن، سۆزىسەن.
قىرانلىقىم، بوۋايلىقىم سەندە ئىكەن ئىزدىسەم،
بۇ دۇنيادا كىم كىمگە يار، كىمنىڭ قەدرىن كىم بىلگەن؟
ئاھ، ئاق يۇلتۇز، ئاھ، ئاق يۇلتۇز سېنى مەڭگۇ قىز دېسەم،
بۇ سۆزۈمگە كىم سۆيۈنۈپ، كىم ئىشىنىپ، كىم كۈلگەن؟
مۇقەددەسلىك، سۆيۈملۈكلۈك سويۇلمايدۇ تېنىڭدىن،
ئامەت تۆكۈپ ئۇپۇق ئۇزرە جىمىرلايسەن، ئۆچمەيسەن.
كەچمىش كۈنلەر بەلگىسى بوپ جان ئايرىلغان جېنىڭدىن،
كۆچسە كۆچەر تاغلار، ئەمما سەن بۇرجۇڭدىن كۆچمەيسەن.

1999-يىل 8-مارت، ئۈرۈمچى

## سەپەر كۈيلىرى

1

تۈپرىقىڭغا قويغاندا قەدەم،
گۈلتاج بولدى بېشىمغا ئاسمان.
ئاي تۈتقۇزدى قولۇمغا قەلەم،
نۇردىن پۈتتى سەن بەرگەن داستان.

ئۈپۈق دەسسەپ كېتىپ بارىمەن،
دەۋرەپ كەتتى شولىلار پۈتۈن،
گۈل بەرگىدىن ھۆللەر ئالىمەن،
گۈللەرگە
كۈي بەرگىنىم ئۈچۈن.

دۈپۈلدەيدۇ يۈرىكىم ھەيران،
چۈنكى تىلسىم سۆزلەر ئالدىمدا.
ئۆزگە سۆزلەر غېرىب ۋە ۋەيران،
ئېغىنايدۇ قۇياش باغرىمدا.

شۇنچە ئۆمرۈم گۈلدەك سولۇپتۇ،
يولۇم چۈشمەي ئەجەبمۇ ساڭا.

شۇ ئۆمرۇمنى بىرىپ تۇرۇپتۇ،
خۇلقۇڭ چۇشكەن باغلىرىڭ ماڭا.

چىمەنلىرىڭ قالدى شىۋىرلاپ،
دېدى، بىزدىن سۆيگۈ ئال، شائىر.
سادالاردىن قالدىم پىچىرلاپ،
كۆزلىرىمدە كارامەت ھازىر.

دىلدەك يارقىن كۇندۇزلەر ھامان،
كۆرسىتىدۇ ئالتۇن تەختىنى،
بۇنداق ھېسلار چاڭلاردىن ئامان،
ئاپتاپ تۆكەر ئەسلى تەپتىنى.

بۇلبۇللارغا ئايلانماي بۇندا،
ئاياغ ئېلىپ يۇرمەك بەك قىيىن،
ھەر قەدەمدە ئېيتمىساڭ ناخشا،
تاپقان ئىشقىڭ بولىدۇ ئىيىن .

كۆرك ئىزدەپ كۆرۈكلەر[1]دىن ھەم،
يۇرگەنىدىم ئېسىرىم تۇتۇپ.
قۇدرەت بولۇپ مەڭگۈ مۇستەھكەم،
مەيلىمنى ھەم ئالدىڭ سەن ئۇتۇپ.

① بىر خىل ئوت.

ئەمدى قىسسە سىنىڭ توغراڭدا،
ئۈزلۈقمۇ سەن، مۇھەببەتمۇ سەن.
كۆي دېگىنى دولقۇن ئۈرغاندا،
كۆي بوپ ياغاي قۇچىقىڭغا مەن.

2

باغلار ئىچرە قالدىم تەمتىرەپ،
ياپراقلاردىن ھەم سورىدىم يول.
ئالىملارنى مەگزىگىمدۇ دەپ،
پۇتاقلارغا ھەم ئۇزاتتىم قول،
ياپراقلاردىن ھەم سورىدىم يول.

شاختىن تامار قىياققا شەربەت،
ئېغىنايدۇ ئىپارلاردا يەل.
نازلىرىڭنى تەكرارلار پەقەت،
بۇلاقلاردا چاقنىغان لەھەل،
ئېغىنايدۇ ئىپارلاردا يەل.

شۇنچە گۈزەل بولارسەنمۇ ھەي،
ئولاشتۇرۇپ گۈلنى چۆرەڭگە،
تەييار قىلىپ لەۋلىرىڭدە مەي،
چىللىدىڭمۇ مېنى بىر جەڭگە،
ئولاشتۇرۇپ گۈلنى چىمەنگە.

باقتىڭ كۆككە، دۇرۇلدەپ شۇئان،
ئايغىڭغا تۆكۇلدى يۇلتۇز.
دېدىم شۇندا ھۆكمىڭگە پىنھان،
يارالمىشىڭ نىمانچىلا ئۇز؟
ئايغىڭغا
تۆكۇلدى يۇلتۇز.

2

رىۋايەتتىن چۇشتۇڭمۇ يەرگە،
چۇشتىن سىرغىپ چىقتىڭمۇ ياكى؟
ھاياجاندا ئايلىنىپ پەرگە،
بۇلۇتلارغا قوندۇم گوياكى،
چۇشتىن سىرغىپ چىقتىڭمۇ ياكى.

غايىبلارنىڭ غايىبى ئىمىش،
دىلنى دىلغا مەڭگۇلۇك باغلاش.
يايراشلاردىن كەلمەكتە تىۋىش،
يوق ئۆزۈمنى بىناۋا چاغلاش،
دىلنى دىلغا مەڭگۇلۇك باغلاش.

باغلار ئىچرە قالدىم تەمتىرەپ،
تەمتىرىسەم قۇت قوندى ماڭا.
تەقدىر دېگەن ئەنە شۇنداق گەپ،
شاھلىقىمنى ئۆتۇندۇم ساڭا،
تەمتىرىسەم قۇت قوندى ماڭا.

3

ئەجەب مەپتۇن باقتىڭ شائىر قىز،
تىترىمەستىن قانداق تۇراي مەن.
كىرپىكلىرىڭ بىگىز كەن-بىگىز،
سانچىشىغا قانداق چىداي مەن،
تىترىمەستىن قانداق تۇراي مەن.

قۇر تىزىپسەن مېنىڭ ھەققىمدە،
تۇيغۇلاردا يۈرەك چېپىشار.
بىر سۆبات بار كۆركەم قەددىڭدە،
ئىجازەتسىز ئاپتاپ يېپىشار،
تۇيغۇلاردا يۈرەك چېپىشار.

سەترىلەرگە مىزانىڭ قاتتىق،
سەن تۈزمەيسەن ئۇلارنى سىيدام.
ئىكەن شۇڭا كۇيلىرىڭ تاتلىق،
ئەنجۇرلەرگە ئەمدۇرگەن قىيام،
سەن تۈزمەيسەن ئۇلارنى سىيدام.

خۇيلىرىڭدىن تۆكۈلدى دۇرلار،
ئۇقتۇم مۇنداق دېدىڭغۇ ماڭا:
گۆھەر بولۇر شائىردا قۇرلار،
سىرنى پەقەت ئېيتتىم مەن ساڭا،
ئۇقتۇم مۇنداق دېدىڭغۇ ماڭا:

ھەر سۆزۈڭدە تۇرسۇن تەپچىرەپ،
ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەكنىڭ قېنى.
يالغانلارنى يۇمشاتما ئەيلەپ،
يالغانچىنىڭ قۇرۇسۇن تېنى،
چىن چىرايدا كۆرەي مەن سېنى.

كۇيلەيلى بىز، كۈيلەردە پەقەت،
يانسۇن ئوتقاش، چېقىلسۇن چېقىن.
تىنىقلارغا سىڭسۇن مۇھەببەت،
قانسۇن ئاڭا يىراق ۋە يېقىن،
يانسۇن ئوتقاش، چېقىلسۇن چېقىن.

تاخماق تۈزۈپ ئۆينىما ھەرگىز،
ماڭغان يولۇڭ ھامان تار بولۇر.
سالساڭ ئەگەر ئىز ئۈستىگە ئىز،
چىققان پەللەڭ ھامان دار بولۇر،
ماڭغان يولۇڭ ھامان تار بولۇر.

شائىر بولماق ئوڭاي ئىش ئەمەس،
يۈرىكىڭنى يەپ باققانمۇ سەن؟
تىغقا دەسسەپ تۇرالامسەن دەس؟
ئاقنى ئاپئاق دەپ باققانمۇ سەن؟
يۈرىكىڭنى يەپ باققانمۇ سەن؟

كەل، كۈيلەيلى، سۆزلىرىڭ بەرھەق،
كۈيلىرىمىز دۇردانە بولسۇن.

قىرىمىسۇن سەزگۈلەر پەقەت،
چىمەنىمىز گۈللەرگە تولسۇن،
كۆيلىرىمىز دۇردانە بولسۇن.

4

ئەجەب تىلسىم جەنۇب تۈنلىرى،
تىلسىم، دىلدار، ئوخشار ئۆزۈڭگە.
تىمتاسلىقتۇر تۈننىڭ ئۈنلىرى،
رەڭگى تارتقان تۈتمۈت ئۆزۈڭگە،
تىلسىم، دىلدار، ئوخشار ئۆزۈڭگە.

ئالەم-ھېكمەت، پىچىرلايدۇ ئۇ،
ھوشلىرىمنى ھەيرەتكە سېلىپ.
ئەسەبلەردە ئويناق بىر تۇيغۇ،
ياندا قويار جېنىمنى ئېلىپ،
ھوشلىرىمنى ھەيرەتكە سېلىپ.

ژايىسىمىغىن مۇشكۈل ئالدىدا،
ئۈمىدىڭنى ئۆچۈرمە زىنھار.
پارلاپ تۇرغان روھلار باغرىدا،
سەن ئىزدىگەن مېھرىگىياھ بار،
ئۈمىدىڭنى ئۆچۈرمە زىنھار.

سەپەردىسەن، ماشايىقىڭ يوق،
يولداش كېرەك، كېرەك بىر ئۈلپەت.

«تىل پۈتۈلمەي شاھقا ھەمراھ ئوق»
يۈت تىلىڭنى، كۆرمەيسەن كۈلپەت،
يولداش كېرەك، كېرەك بىر ئۈلپەت.

جانانىڭغا جان بەر ھەر زامان،
شۇدۇر پەقەت جاندا بار قىممەت.
نامەردىسەنكى، چىرايىڭ سامان،
ۋۇجۇدۇڭدا بولمايدۇ زىننەت،
شۇدۇر پەقەت جاندا بار قىممەت.

قولياغلىق-مەست دەقىقە-دەملەر،
ۋەدىلەرگە قىلما خىيانەت.
ئەجەل ئۈچۈن تېپىلماس ئەملەر،
بىتاپ بولساڭ، شۇدۇر قىيامەت،
ۋەدىلەرگە قىلما خىيانەت.

دېڭىزدۇرسەن چاكى چاك چۆلدە،
تىنماي لەپشىپ، لەڭ ئۇرۇپ تۇرغان.
كېرەك دېسە، دوست ئۈچۈن ئۆل-دە،
يۈرتۇڭ ئۈچۈن ھەم بولغىن قۇربان،
تىنماي لەپشىپ، لەڭ ئۇرۇپ تۇرغان.

باغلار يەنە شىلدىرلاپ كەتتى،
سابا كەتتى گۈللەرنى چارلاپ.
سۇبھى يەنە زېمىنغا يەتتى،
كۆكتە چولپان تۇرماقتا پارلاپ،

سابا كەتتى گۈللەرنى چارلاپ.

5

هالۋايىرەڭ يامزاللار ئۆزرە،
نەزەرىمنى چاچتىم تۇش-تۇشقا.
بىرقول سالدى بوينۇمغا گىرە،
ئوخشاپ قالدىم پەرۋازدا قۇشقا،
نەزەرىمنى چاچتىم تۇش-تۇشقا.

كۆز ئالدىمدا پايانسىز دالا،
باغلار تىنماي ئوينايدۇ ئۇسسۇل .
شائىر ئەسلى بىر سەبىي بالا،
چۈشلەر بىلەن بولىدۇ مەشغۇل،
باغلار تىنماي ئوينايدۇ ئۇسسۇل.

قەدىم يىللار ئىزنالىرى بار،
تۇپراقلاردا، تاملاردا روشەن.
نۇر نۇقتىلار كۆز ئاچار بىدار،
پاراغەتتىن سۆزلەيدۇ گۈلشەن.
تۇپراقلاردا، تاملاردا روشەن.

سەپ تارتىدۇ رەڭدار ئەسىرلەر،
شان-شۆھرەتلەر ياسايدۇ قىيا.
پاراسەتتىن بىللۇر قەسىرلەر،
تۆكۈپ ئۆتەر دىللارغا زىيا،
شان-شۆھرەتلەر ياسايدۇ قىيا.

تۇرلۇك-تۈمەن سۇرەتلەر ئالدىم،
تېخى ئۇنىڭ روھى كارامەت.
بال ئىزدىدىم، بالاغا قالدىم،
بىر ئىشتىياق تۇتتى، قىيامەت. . .
تېخى ئۇنىڭ روھى كارامەت.

سۆيگۈلەرگە يۆگەپ مەن سېنى،
كۆتۈردىمۇ، چاپتىم دەر بەدەر.
ئىلھاملىرىم كۆتۈردى مېنى،
ئاسمانلارنىڭ قەھرىگە قەدەر،
كۆتۈردىمۇ، چاپتىم دەر بەدەر.

ئەي ئېسىل يەر، ئەي ئېسىل جاھان،
قېنىم بولۇپ ئاقتىڭ ۋۇجۇدتا.
تامچە كۈيۈم بولدى ئوكيان،
غۇرۇر بولۇپ ئاقتىڭ ئۇيۇقتا،
قېنىم بولۇپ ئاقتىڭ ۋۇجۇدقا.

ئەي ئېسىل يەر، ئەي ئېسىل مەسكەن،
ئۆزەك بولدۇڭ نار ۋە نازىمغا.
شاماللىرىڭ پۇراقلىق ئەسكەن
مەرغۇل بولدى مەڭگۈ سازىمغا.
ئۆزەك بولدۇڭ نار ۋە نازىمغا.

## 6

قايناق رەستە، باز-بازلىق بازار،
ئۇچراپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت ساڭا.
سۆزلىرىڭدىن ئەس-ھوشۇم ئازار،
پەرىشتە بوپ تۇيۇلدۇڭ ماڭا،
ئۇچراپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت ساڭا.

ئۆتتى قەرنە، ئۆتتى زامانلار،
يەنە شۇنداق تۇرۇپسەن يۇمران.
روھىغا چاڭ قوندۇرمىغانلار،
ياشنار مەڭگۇ، بولمىغاي گۇمران،
يەنە شۇنداق تۇرۇپسەن يۇمران.

بالىلىقنى سالدىڭ يادىمغا،
ئاقتى دىلدا سامان يوللىرى.
ئەپسۇن بولۇپ كىردى باغرىمغا،
ئامەتلەرنىڭ پەردەك قوللىرى،
ئاقتى دىلدا سامان يوللىرى.

چىمەنلەردە گۇل تەرسەك يايراپ،
زەپ ئالدىراش چۇشەر ئىدى تۇن.
تۇمۇچۇقلار بەس-بەستە سايراپ،
بىزنى قالتىس قىلاتتى مەپتۇن،
زەپ ئالدىراش چۇشەر ئىدى تۇن.

6

سىرلار نۇرغۇن ئىدى نەزەردە،
تىلسىم ئىدى پۈتۈن تەبىئەت.
تالاي ئىشلار كىرىپ ھەزەرگە،
چۈمپەردىدىن قالغان ئەينىيەت،
تىلسىم ئىدى پۈتۈن تەبىئەت.

مانا ئەمدى غورىلار قىيام،
سىرلار تومۇر تۇتقۇزدى رايىش.
ياشلىق كەتتى، قولىلىرىدا جام،
دىمەك كەتتى دىلدىن ئاسايىش،
سىرلار تومۇر تۇتقۇزدى رايىش.

قەدىناسلار جەم بولغان يەردە،
ھامان جەننەت-جەننەتلەر پەيدا،
ئالەم پەقەت پاكلىنار تەردە،
تەرلىك ئەرگە ئەل مەڭگۈ شەيدا،
ھامان جەننەت-جەننەتلەر پەيدا.

يىشىل چۈشلۈك، يىشىل ۋادىلار،
ئىشقىم ئاغار سەن ياققا ھامان.
ئاھ، قەدىناس، سولما زادىلا،
نەدە بولساق بولايلى ئامان،
ئىشقىم ئاغار سەن ياققا ھامان.

7

ئاق قاشتېشى، قارا قاشتېشى،
تاراشلىنار قاشتاش قولۇڭدا.
تاشچى يىگىت ھۈنەرنىڭ بېشى،
نۇرلار ئاقار يۈرگەن يولۇڭدا،
تاراشلىنار قاشتاش قولۇڭدا.

ئۆركەش نۇسخا، قاينام نۇسخىلار،
چىمەنلەرنى تۇردۇ سۆزلەپ.
قەد كۆتۈرگەن دانىش، ئۇستىلار،
سەپەر چېكەر·ئەتىنى كۆزلەپ،
چىمەنلەرنى تۇردۇ سۆزلەپ.

جان ئانامنى ئەسلىتىپ دەرھال،
بالىسىنى ئېمىتەر ئانا.
سىمالاردىن بولماقتىمەن لال،
سەنئەت مانا، مۇھەببەت مانا،
بالىسىنى ئېمىتەر ئانا.

مەڭگۇ خۇشتار مەجنۇنغا لەيلى،
قىسسىلىرى تۈگىمەس زىنھار.
كىمنىڭ كىمگە گەر چۈشسە مەيلى،
دەسلەپ كۆزدە بولىدۇ ئىزھار،
قىسسىلىرى تۈگىمەس زىنھار.

بوۋاي ئىپتار گۆدەككە چۆچەك،
قاپلار كۆكنى ئۇچار گىلەملەر.
يۇز ئاچىدۇ شۇئان كىلەچەك،
ئاپتاپ يۇزلۇك باغۇ ئىرەملەر،
قاپلاپ كۆكنى ئۇچار گىلەملەر.

تاش قۇياشقا ئايلىنار دەمدە،
ھۇنەر دىگەن ھۆسن-دە، ئەرگە.
پاك ھاۋانى ئىزدىسەڭ، بەندە،
يول سال مىھنەت ئەۋجىگەن يەرگە،
ھۇنەر دىگەن ھۆسن-دە ئەرگە.

8

چۆل كىيىكىم كۆزۈڭ چاراقلاپ،
باشلىرىمغا يىقىلدى تاغلار.
ئەسلىرىمنى كەتتى ۋاراقلاپ،
يۇرىكىمدە تىرىلدى داغلار،
باشلىرىمغا يىقىلدى تاغلار.

زەپمۇ قارا، ئەجەبمۇ تىنىق،
كۆزلەر سەندە بار ئىكەن ھەيھات.
بىر قارىدىڭ، مۆجىزە ئېنىق،
جاھىل ھىسلار بولۇشتى بەربات،
كۆزلەر سەندە بار ئىكەن ھەيھات.

قوش چوشىدەك چوشومنى ئەسلەپ،
قارايتتىم شو قارا كۆزلەرنى.
چايناپ باقتىم ياشلىقتا دەسلەپ،
قارا كۆزگە ئېيتقان سۆزلەرنى،
قارايتتىم شو قارا كۆزلەرنى.

جوپ ئوغلىقىڭ شونچىلىك يومران،
ئوركوپ قارار يىراقتا تورۇپ.
ئايسولونى يادلىدىم شوئان،
سېغىنىشنىڭ ئوتى لەڭ ئورۇپ،
ئوركوپ قارار يىراقتا تورۇپ.

قورقما، سېنى مارىمايدو ئوق،
ھەيران كۆزلەر مارىغان بىلەن.
تويغون بولساڭ بالا-قازا يوق،
مەڭگو ئەركىن ياشايسەن لېۋەن.
مەڭگو كۆزلەر مارىغان بىلەن.

ئىپارلىرىڭ يەتسە ۋايىغا،
تاشلا، زېمىن ئېتەكلىرىگە.
رىسقىڭ تولوق ھامان جايىدا،
ھەتتا يانتاق چېچەكلىرىدە،
تاشلا، زېمىن ئېتەكلىرىگە.

چۆل كېيىكىم تەڭداشسىز ئوماق ،
سۆيوملوكسەن، ئېسىل بىر جانسەن.

جەۋلانىڭغا بۇندا مول قوناق،
ئۆزۈك بىربەگ، ئۆزۈك بىر خانسەن؛
سۆيۈملۈكسەن، ئېسىل بىر جانسەن.

9

گۈل ئىسمىلىك گۈلدار يۇرت ئەستە،
مۇشائىرە قىزىغان ئاخشام.
ماڭا سۇندۇڭ ئېسىل گۈلدەستە،
ياڭرىغاندا شېئىر ۋە ناخشام،
مۇشائىرە قىزىغان ئاخشام.

يېلىنجايدۇ شەپەق دىللاردا،
ئۇلۇغلىنار ئىزگۈلۈك پەقەت.
جاھان-جاھان مەنە تىللاردا:
مېھنەت-جەننەت، مېھنەت-مۇھەببەت،
ئۇلۇغلىنار ئىزگۈلۈك پەقەت.

چاقناپ ئۆتەر قالتىس مىسرالار،
كىرىپ كېلەر نەۋائى ئۆيگە.
جىلۋىلەردە غالىب جۇلالار،
ئايلىنىدۇ مەڭگۈلۈك كۈيگە؛
كىرىپ كېلەر نەۋائى ئۆيگە.

دېرىزىدە يېيىلىدۇ ئاي،
بۇگۈن ئاي بەك دىلدارۇدىلدار.

ئۆيىدى ئۇ، كۇمۇشلەرگە باي،
تاڭلار بىلەن كۆرۈشەر دىلدار،
بۇگۇن ئاي بەك دىلدارۇ دىلدار.

يۇرتى شائىر، ئۆزى ھەم شائىر،
ئاي يۇزلۇكلەر قىلدىڭلارغۇ لال.
سۇمۇ، ئوتمۇ شېئىركەن، ياپىر،
ئوتتا قالدىم، كۆيمەي نە ئامال؟!
ئاي يۇزلۇكلەر قىلدىڭلارغۇ لال.

قۇۋناپ تۇتتۇم كېلەچەككە گۇل،
گۇلدار يۇرتتىن گۇلدەستە ئېلىپ.
كۆزلىرىمگە كۆرۈندى ئۇدۇل،
يۇمران ئوغۇل ئىشتىياق سېلىپ،
گۇلدار يۇرتتىن گۇلدەستە ئېلىپ.

10

ھەيران باغۇ بېھىشباغ، چارباغ،
نەزەر باغلار ھېسابسىز بۇندا.
شەربەتلەردىن قەد كۆتۇرەر تاغ،
باغ تەبىئەت ئوغۇل-قىز بۇندا،
نەزەر باغلار ھېسابسىز بۇندا.

يەنە چاپچىپ كەتتى ئىلھامىم،
يەنە چىقىن چاقتى قاراسلاپ.

مەيگە تولدى يۇرەكتە جامىم،
ياندى كۆزلەر يەنە چاراسلاپ،
يەنە چىقىن چاقتى قاراسلاپ.

ئەي، كەۋسەر يۇرت، باغرىڭغا باستىڭ،
ئاشىقىڭنى مەيىن ئەللەيلەپ.
بويلىرىمغا بۇيۇڭنى چاچتىڭ،
ئىپار ئىچرە قالدىمەن لەيلەپ،
ئىپارلارنى ئۆتتۇم كۆپ چەيلەپ.

سالاملاشتىم گىياھلار بىلەن،
سەمىم ئۇچۇن ئىسمى ئىدى يات.
بۇيى ئەتىر، خۇيى بەك لىۋەن،
جەننەتلەرگە تەركىب ۋە نامزات،
سەمىم ئۇچۇن ئىسمى ئىدى يات.

قول ئۇزاتتىم شاخلارغا ئاستا،
يامراپ كەتتى تەنگە بىر لەززەت.
ئاڭلىدىم مەن يېڭى بىر ناخشا،
تاپتىم ئۆمۈر يەنە بىر نۆۋەت،
يامراپ كەتتى تەنگە بىر لەززەت.

ناۋا ئىزدەپ كۆڭلۈم تەلپۈنەر،
جان رىشتىسى تارىڭدۇر دۇتار.
دىلبەر كۈيلەر تۇغدەك يەلپۈنەر،
ئارنى ھەتتا ئالەمنى ئۇتار،

جان رىشتىسى تارىڭنى دۇتار.

قانداق پارلاق تاڭلار ۋە ئاپتاپ،
قانداق ئوچۇق بىغۇبار ئاسمان.
ئارمانلاردەك يۇلتۇزلار چاقناپ،
يۇلتۇزلارنى باغرىغا باسقان،
قانداق ئوچۇق بىغۇبار ئاسمان.

سۇرۇكلەرنى سۇردۇم تالاي رەت،
تۇزەلمەيمەن پەيلىڭ تۇزەلمەي.
باغلىۋالدىڭ، سالدىڭ مۇھەببەت،
كېتەلمىدىم مېھرىم ئۈزەلمەي،
تۇزەلمەيمەن پەيلىڭ تۇزەلمەي.

ھەيران باغۇ بېھىشباغ، چارباغ،
نەزەر باغلار، راھەتباغلىرىم،
كۆرەلىسەم، ماڭا يۈكسەك تاغ،
كۆرەلمىسەم، ھەسرەت، داغلىرىم،
نەزەر باغلار، راھەتباغلىرىم.

11

يۇرتلار ئارا كېلىمەن مەستخۇش،
سۇزەر كۆزگە ئىلاھى ئىمكان.
ھەر كەڭلىكتە يوقاتتىم ئەس-ھوش،
ھەر كەڭلىكتە بىر بېھىش پىنھان،

سۇزەر كۆزگە ئىلاھىي ئىمكان.

ئايدالىلار ئەجەب ھۆسندار،
ئاڭلىغىنا، سالماقتا سۇران.
قەدىم روھلار بەكمۇ تۇگۇندار،
لەۋھەسىدە ھامان بىر ئۇران،
ئاڭلىغىنا، سالماقتا سۇران.

سۆيەر بولساڭ، ئانا يۇرتنى سۆي،
تىكىنىدە تىتىلسۇن يۇرەك.
كۆيەر بولساڭ، ئوتلىرىدا كۆي،
گۇزەل يوقتۇر ئۇنىڭدىن بۆلەك،
تىكىنىدىن تىتىلسۇن يۇرەك.

مەن باشقىچە كۇيلەيمەن ئەمدى،
ئالغاندىكىن باشقىچە ئىلھام.
بىر يارقىنلىق زېھنىمگە كەلدى،
تۇتۇۋالاي ئۇنى مەن ئىلدام،
ئالغاندىكىن باشقىچە ئىلھام.

مۆھۈر بولۇپ بېسىلدىڭ جەزمەن،
ئۇستىخانغا، ھۇجەيرە، جانغا.
بەرگەن سۆيگۇڭ باغرىمنى كەزگەن،
ۋە قۇيۇلار قان بولۇپ قانغا،
ئۇستىخانغا، ھۇجەيرە، جانغا.

ئالتۇن تارتقان تارازىلارمۇ،
تارتالمايدۇ زەررەڭنى ھەرگىز.
ئاسمان ئاچقان دەرۋازىلارمۇ،
سىغدۇرالماس مەررەڭنى ھەرگىز،
تارتالمايدۇ زەررەڭنى ھەرگىز.

سېنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ يۈرۈپ،
سەزگۈلىرىم بولدى ئويغان.
ھەر ياپراقتا يۇلتۇزنى كۆرۈپ،
يۇلتۇزلىرىم ھەم بولدى قىيان،
سەزگۈلىرىم بولدى ئويغان.

1998-يىل 20-، 21-ماي، ئۈرۈمچى

# ئاي

سۆيۈملۈك سۈمباتسەن ئاسمان قەھرىدە،
تۇرسەن زېمىنگە كۈمۈشلەر تاشلاپ.
گۈللەرنى تېرىيسەن كىشى بەھرىگە،
ئىپارلار، ئەترىلەر سۈيىنى باشلاپ.

ئۇنۇڭنى ئاڭلىماي كەلسەممۇ دائىم،
ئەبەدىي خۇشتارلىق تالىقتۇر ساڭا.
دوستلارنىڭ دېغىدىن يېمىدىم ۋايىم،
داغلانى ئۇنتۇشنى ئۆگەتتىڭ ماڭا.

تۇمان ۋە بۇلۇتنى يېرىپ كېلىسەن،
كۆڭۈلدىن سۇرۇلەر شۇبھىلەر پۈتۈن.
كېچىلەر باغرىنى تىغدەك تىلىسەن،
سايىلەر بېشىدىن چىقىدۇ تۈتۈن.

ئاجايىپ چىرايلىق ئەسنالار بولار،
سەن تالغا جىلمىيىپ قونغاندا ئاستا.
بىغۇبار روھلىرىم روھىڭغا تولار،
بەك يۈمران ئىدۇققۇ ئىككىمىز باشتا.

ئانامنىڭ ئېتى سەن، بالامنىڭ ئېتى،
تۇرسەن ئۇلارنى تەكرارلاپ هامان.
يۈزۈڭگە پۈتۈلگەن بەختىمنىڭ خېتى،
مەن يەردە، سەن كۆكتە بولايلى ئامان.

1998-يىل 14-يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئېسىلىپ كېلىمەن ئاياغلىرىڭغا

ئېسىلىپ كېلىمەن ئاياغلىرىڭغا،
يەلمايەسىڭىرى كۆپ ئۇچقۇر يىللار.
چىدىدىم لەۋ چىشلەپ تاياقلىرىڭغا،
تاڭدىكى گۈللەردەك يوردى دىللار.

قايغۇنى قايغۇغا چاتمايمەن زىنھار،
شادلىقنى ھەر يەردىن ئالىمەن ئۆلگۈپ.
كەچۈرمىش دېگەن بىر ئەڭگۈشتىرىم بار،
ئانچىكى غەشلىكتىن كەتمەيمەن ئۆركۈپ.

ئۈمىدنى ئۇرمايمەن ئۈمىدسىزلىككە،
ئۇپۇقتىن كەچمەيمەن يەتمەي تۇرۇپلا.
ھەر قاچان پەسكە-مەست قارايمەن تىككە،
كەتكەنگە چىقمايمەن كەتمەي تۇرۇپلا.

داۋانلىق يوللاردا قەدەملىرىم كەڭ،
تاشتەك بىر چىداملا مىندۇرەر ئاتقا.
روھلارنىڭ جىلۋىسى پەرۋازلارغا تەڭ،
قوللىرىم ئايلىنار ئۇچقۇر قاناتقا.

يۆتكەيمەن، ئالدىمدا تالايلاپ تاغلار،
تاپانغا ئىنتىزار ھەمدە تالاي يول.
پېشانەم باركەنكى، بەختىمنىڭ ھەم بار،
چوقىلار باغرىدا پولاتلىدۇ قول.

1998-يىل 15- يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئۆتۈنۈش

(باللادا)

تەنتەك ئىدىم گۆدەكلىكىمدە،
سەزگۈ بىلەن بىللە ئاقاتتىم.
تىزگىن بېرىپ ئۈجەرلىكىمگە،
بۇ دۇنياغا ھەيران باقاتتىم.

ئېلىپ ئۇچار ئىدى ھاياجان،
ھەر تەرەپكە، ھەر يەرگە مېنى.
ئىدىم شۇنچە بىخۇد، خىرامان،
تاپىنىمدا
نۇرنىڭ كەلكۈنى.

تىلسىماتتەك مەزگىللەر ئارا،
تىلسىماتقا ئايلانغانىدىم.
يۈزۈم ئاپئاق، كۆزلىرىم قارا،
ئەركىنلىككە سايلانغانىدىم.

شوخ گۈللەردىن ئۆرەتتىم قامچا،
پەرىلەرنى ساۋىدايمەن دەپ.
شوخلۇقۇمدىن پەقەت بىر تامچا،
ئېيتسام-ئېيتسام توگىمەيدۇ گەپ.

شۇنداق قىلىپ تەگدى ئۇ ساڭا،
گۈلتاجىڭنى يەرگە چۈشۈردى.
تاغدەك گۇناھ ئارتىلدى ماڭا،
ياققان ئوتنى شامال ئۆچۈردى.

شۇندىن بېرى ئۆتتى بىر قەرنە،
قەيەرگىدۇر مۆكتى بالىلىق.
كەچۈرۈلدى مېنىڭدە ھەممە،
كەچۈرۈلمەس ئاشۇ چالىلىق.

سەن بىر ياقتا ۋە مەن بىر ياقتا،
كۆرمىدۇك ئېرۇر ھاياتتا بۇ ھال.
غۇرۇرۇڭنى باستىم ئاياغقا،
كەچۈر مېنى ئەي ساھىبجامال.

1998-يىل 16-يانۋار، ئۈرۈمچى

# لۈكچۆن نەزمىلىرى

قۇملۇقلارنى بېسىپتۇ باغلار،
ساپلا ئانار كەتكەن چېچەكلەپ.
تاقىرلىشىپ ياتىدۇ تاغلار،
رىۋايەتكە ئوينى يېتەكلەپ.
ياشلىق بولار بۇندىكى چاغلار،
نۇرلار چاچقان ئېتەك-ئېتەكلەپ.

ئەنجۇرلەرگە قويىمەن سوئال:
-ئاچقان رەڭدار گۈللىرىڭ قېنى؟
ئۇ دەيدۇكى: شاخلىرىمدا بال،
سىر سۆزلەشكە قىستىما مېنى.
سادالاردىن شائىرانە لال،
تۇردۇم باغلار ۋە سۆيدۇم سېنى.

چەكسىز كەتكەن تەكلەر ياتىدۇ،
سۇنايلىنىپ، تەكشى شۇڭ تاشلاپ.
مەرۋايىت مەي شۇڭدا ئاقىدۇ،
ۋۇجۇدلارغا غەليان باشلاپ.
سايۋىلارغا قۇياش باقىدۇ،
ھاياجاندا كۆزىنى ياشلاپ.

ياپراقلارغا كۆمۈلگەن زېمىن،
ياغرىتىدۇ يېشىل بىر ناۋا.
بۇ كۆڭۈللەر تاپىدۇ ئىمىن،
ئەيسا دېمى بۇندىكى ھاۋا.
جەننەت دېگەن ئۈزلۈققا گېمىن،
جەننەت دېسەك كۆرىدۇ راۋا.

ياتتاقلارنىڭ چېچىكى يالقۇن،
شېكەر تۇتار ئاستا كېچىدە.
قۇم قوينىدا يالتىرار ئالتۇن،
كۆپ سىرلار بار بۇنىڭ ئىچىدە.
داستانىم سەن مەڭگۈلۈك لۈكچۈن،
يېتىپ ئاشقان مىڭ بىر كېچىگە.

1998-يىل 17-يانۋار، ئۈرۈمچى

# تۇپراق

ئاياغلاشماس كۈيلىرىم بار سېنىڭدە هامان،
تىنىقىڭدىن تىنىق ئالسام يۈرىكىم گۈلخان.
تىكەنلەرنى سىيپاپ كۆرسەم ئىپەك تۈيۈلار،
ناھالىمدىن چىققان ئۈچقۇن مىسالى چولپان.

غەم تاغلىرى يۈكەلمەيدۇ ئەسلا قەددىمنى،
يانغان غۇرۇر ئېلىپ قاچار كۆككە ھەددىمنى.
كەسسە قولنى قىيىق قىياق ئاقار مۇھەببەت،
ئىشقىڭ سېنىڭ تاۋلاپ ئۆتكەن جەڭدە جەددىمنى.

ئوق يىلتىزىم خويمۇ تىرەن، تەنلىرىم قۇدرەت،
خۇش بويلىرىڭ تۆكۈلىدۇ، ئىپارمەن ئەبەد.
يۈلغۇنلىرىڭ كېرىلگەنچە سۆزلەيدۇ قىسسە،
تىرىكلىكىم سېنىڭ بىلەن راسلىنار پەقەت.

باشلىنىدۇ سەندىن ياشناش، ئۇنتۇلۇپ سولۇش،
پېشانەمدىن ئايان ئېرۇر بەختتە تولۇش.
شەمشادلارنىڭ شاخلىرىدا شادلىقىم شايە،
قانداق ئامەت بۇ ئالەمدە بىر زەررەڭ بولۇش.

جەننەت سەندىن باشلىنىدۇ، ئۇنتۇلغاي جاپا،
قىلالمايدۇ قىسمەت مېنى ھەر يەردە خاپا.
توغراقلىرىڭ توغراپ قويدى تولۇنئايلارنى،
ھەر پارچىسى ھەر ھۇجەيرەم ۋە ساڭا ۋاپا.

تىلسىم سەندىن باشلىنىدۇ، قۇچاقلار ئۇز رەڭ،
چەكچىيىشكەن مۆجىزىلەر سۆزۈكتۇر ئەڭ، ئەڭ.
قارىغايلار مېنى ئەينەن كۆرسىتەر دائىم،
سەنلا بولساڭ مەن ھېچقاچان بولمايمەن دىلتەڭ.

1997-يىل ئىيۇن

# شائىر

مىڭ چوققىنىڭ ئاق قارى بىر چوققىغا يىغىلغان،
مىڭ يۈرەكنىڭ يالقۇنى يىغىلغان ھەم بىر ساڭا.
مىڭ يۈرەكنىڭ ھەسرىتى بىر يۈرەككە تىقىلغان،
مۆجىزىدىن بېشارەت بېرىپ قويدۇڭ سەن ماڭا.

تالاي ۋۇلقان پارتلايدۇ كەچ كىرگۈچە بىر كۈندە،
تاغلار سىغقان، تاش سىغقان سېنىڭ ئاشۇ باغرىڭدا.
شېرىن چۈشنىڭ مەزگىلى ئاستا چۈشكەن بىر تۈندە،
ئەلەم سەپكە تىزىلار زەررە قالماي ئالدىڭدا.

يارتىسەن بىر ئەسىر بىر ئەسنادا نەپىس خوپ،
كۈندىن نۆۋەت ئېپ بەردىڭ كۆزى ئاجىز كېچىگە.
بۇلۇتلانساڭ ياغىدۇ سۆيگۈ دېگەن يامغۇر بوپ،
ئاپتاپلانساڭ باشلايسەن جاننى جەننەت ئىچىگە.

ئىلھام بىلەن سۆزلەشسەڭ، شۇندا قىزىل قىيامەت،
ھېكمەتلەرنى قوغلايسەن يالاڭ ئاياغ تىكەندە.
قەترە كەۋسەر ئاققۇچە چېكىپ تاغدەك رىيازەت،
شەمشاد تۇرۇپ چىقىسەن تېخى بەزەن يىكەنگە.

يۈرىكىمنى ياندۇرۇپ كەلمەكتىمەن يوللاردا،
مەنزىل يىراق، مۇز ئارتلار بىھېسابتۇر شائىرىم.
ئىلھام دېگەن جىلۋە قىپ تۇرار ئوچۇ سوللاردا،
دۇنيا ئەمەس ئىلھام بەر شائىرىمغا، ياپىرىم.

1997-يىل ئىيۇن

# باغلىرىممۇ گۈل دېدى سېنى

باغلىرىممۇ گۈل دېدى سېنى،
تاغلىرىممۇ گۈل دېدى سېنى.
ھەيران قېلىپ ھەيران يۇلتۇزلار،
دائىم شۇنداق كۈل دېدى سېنى.

گۈلگە ئوخشاپ، يۇلتۇزغا ئوخشاپ،
كۆككە يەتكۈز مەڭگۈ بېشىمنى.
ساڭا تالىق پاكىز تەبىئەت،
پاكىز يېگىن مەڭگۈ ئېشىڭنى.

1997-يىل ئىيۇن

# سۆيگۈ كەلسە قاچىدۇ رىيا

گۆدەكلەرگە ئويۇن بۇ دۇنيا،
قىزانلارغا شىددەتلىك بىر جەڭ.
قېرىلارغا بىر ئالۋۇن ئۇۋا،
يىگىتلەرگە باغدۇر باغرى كەڭ.
بالالاردىن بالقىماي ئۆتتۇم،
ئىزلىرىمدا چايقالدى زىيا.
سۆرەلگەننى سۆرەلمەي سۆكتۇم،
قول بۇلغىدى ئالدىمدا قىيا.
كۇيلىرىم بار ئەۋجى ئاجايىپ.
ئاسمانلارنى قىلغان بورىيا.
غارلاردىمۇ بولمايدۇ غايىب،
دەپ قالىسەن قىيانلىق دەريا.
نۇر قۇچاقلاپ قايتىمەن ھەر دەم،
ئاق مەشۇتقا ئايلىنار سىياھ.
ئەركىلەيدۇ ئەرلىنىپ ئەركەم،
ھەر قەدەمدە بىر مېھرىگىياھ.
سۆيگۈ سۆرەپ چىققان ئۇ كۇيلەر،
جانغا جانۇ، كۆزگە تۇتىيا.
تاشقا ئۇنگەن قىرمىزى گۇللەر،

يۈرىكىمدە يىلتىزىڭ گويا.
ئۆزۈم ئەمەس ئۆزگىگە كۆيدىم،
ئاق قېيىنمەن، ئەمەس مۆمىيا.
ئەي، دوستلىرىم، ھەممىڭنى سۆيدۈم،
سۆيگۈ كەلسە قاچىدۇ رىيا.

1997-يىل ئىيۇن

## ئۆز-ئۆزۈمنى يېرىش

ئۈچ قېتىم ياق، ئۈچيۈز قېتىم سوتتا مەن،
قاقشال ئوتۇن-ۋىجدان ياققان ئوتتا مەن.
بۇ مېنىڭكى بىر كۈندىكى تەقدىرىم،
نىشان دائىم سەۋەن ئاتقان ئوققا مەن.
ئوت ئەكەلدى ئىنسانلارغا ئىلاھ دەل.
ئىدى ئەسلى كۆڭۈل ئاڭا چىن بەدەل.
تاشلاپ قويدۇم بىھوش بولۇپ ئۆنى مەن،
ئۆلدۈم شۇنداق، ئۆلدۈم شۇندا بى ئەجەل.
دىلكەشلەرنىڭ دىلى بىلەن تىرىلدىم،
قاقشال دەرەخ پەنجىسىدىن يىرىلدىم.
ئۆز-ئۆزۈمنى چىداپ تۇرۇپ يارغاندا،
يۈرەك چاچقان شولىلاردا سىرىلدىم.

چاڭلار قونسا ياپرىقىڭغا چىنارىم،
ئۆرلەپ كەتتى ناۋا ئەمەس پىغانىم.
ئانا يەرنىڭ كەۋسەرىدە يۇيۇندۇم،
قۇدرىتىدىن ئايرىلمىدى ئىمانىم.
بىردەم ئۈچۈن بىردىن جاۋاب بېرىمەن،
دوقالدىكى دۇدۇقلاشتىن نېرىمەن.
بۇدۇشقاقنى يەپ تۇگىتەر كالىلار،
تەرسە گۈلنىڭ ئۈنىدىغان يېرىمەن.

مەن ئەركىمنى خىياللارغا بەرمەيمەن،
چۈش بېغىدىن چۈش گۈلىنى تەرمەيمەن.
تاسقاپ تۇرار مېنى دائىم
غەلۋىرلەر،
يارنى كۆرمەي غۇلىچىمنى كەرمەيمەن.
شۇ تەقلىدتە شۇنداق ئۆتەر ھەركۈنۈم،
ئۆزۈم ئۈچۈن سوراقچىدۇر ھەر تۈنۈم.
شولا بولسام،
چۈشۈم شېرىن ئۇخلايمەن،
سايە بولسام،
ئۆچۈپ كېتەر مىڭ ئۈنۈم.

1997-يىل ئىيۇن

[General Information]
书名=黎明之谈  维吾尔文
SS号=40300671